تۇرسۇن ئەرشىدىن



3

## قەيسەر كارخانىچى

# ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

تۇرسۇن ئەرشىدىن

ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

6

ISBN7-228-08010-6
套价:30.00元

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : مۇرادىل ئابد
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇرادىل ئابد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 6

1. ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى — ئەھمەد زىيائى
2. پىداكار شائىر — نىمشېھىت
3. قەيسەر كارخانىچى — ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار
4. يېڭى مائارىپ بايراقدارى — ئابدۇقادىر داموللا
5. مەرىپەت مەشئىلى — مەمتىلى ئەپەندى

ISBN 7-228-08010-6
9 787228 080106 >

3

تۇرسۇن ئەرشىدىن

## قەيسەر كارخانىچى

# ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخى شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

6

# مۇندەرىجە


موسكۋادا ........ 1
قىرغاندا تىكلەنگەن غايە ........ 11
مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرالىغان بولسام ........ 19
ھەسرەت - پىغان، ئۈمىدسىزلىك ........ 27
راست گەپ، راست ئىشلار ........ 37
گېرمانىيىدىكى تۇنجى كۆلكە ........ 44
يەتتە سۇ گۇبېرنىيىسىدىكى يىغىن ........ 50
تۇنجى ئىش تەقسىماتى ........ 57
باش قوشۇش يىغىنى ........ 69
لىدىر ئىشخانىسىدا ........ 83
ئاخىرى چىقمىغان سۆھبەت ........ 93
رېيىن دەرياسى بويىدىكى تۈنەك ........ 100
قىلتاق ........ 107
«ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز» ........ 118
پاراخۇتتىكى پاراڭ ........ 123
ھارۋىلار كارۋىنى ........ 129
كۆتۈلمىگەن ئۇچرىشىش ........ 139
قايتا ئۇچرىشىش، قايتا تېپىشىش ........ 146
ۋېلى باينىڭ سەپەرۋەرلىكى ........ 153
خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشكېزەك ........ 161





**图书在版编目(CIP)数据**

莫萨巴耶夫兄弟/吐尔逊艾尔西丁著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.5
（历史人物故事丛书. 第6辑）
ISBN 7—228—08010—6

Ⅰ. 莫… Ⅱ. 吐… Ⅲ. 故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第035682号

责任编辑:帕题古丽·米吉提
责任校对:艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计:穆拉丁·阿比迪


历史人物故事丛书 第6辑
（3）
勇敢的企业家—**莫萨巴耶夫兄弟** （维吾尔文）

吐尔逊·艾尔西丁 著


新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
787×1092 毫米 32开本 6.625印张
2003年5月第1版 2003年5月第1次印刷
印数:1—5000册

ISBN 7—228—08010—6 套价(1—5)：30.00元
（单价：6.00元）

«ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن
چىقىدىغان بولسۇن» .................................. 169
ئاجايىپ چانا ........................................... 174
ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى ..................... 190
«ھۇسەن بىلەن باۋدۇن باينىڭ زاۋۇتى» .............. 195
خاتىمە ................................................... 205



# موسكۋادا

— خۇدايا تۇۋا، بۇ موسكۋا دېگەن ساپلا ناسارالارنىڭ چېركاۋلىرى بىلەن تولغان شەھەركەن، بۇ يەردە جۇمە نامىزىنى ئۆتۈگۈدەك مەسچىتمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن. مۇسۇلمانلار يوقمىدۇ بۇ يەردە؟ — قويۇق قاشلىرى ھەم دۆگىلەك ساقىلىغا خېلىلا ئاق كىرگەن ۋىجىكرەك بىر كىشى سارجا پىنجىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىنغان سائىتىنى چىقىرىپ بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، سائەت قاپقىقىنى «تارس» قىلىپ يېپىپ يەنە يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ئۇستىدىكى سارجا پەلتوسىنىڭ ئالدىنى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشتۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەچ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

بۇ موسكۋاغا تېخى ئاخشاملا يېتىپ كەلگەن ھۇسەن باي ئىدى. ھۇسەن باي سودا ـ تىجارەت بىلەن يەركەت، ئالمۇتا، بېشكەك، تاشكەنتلەرگە بىر نەچچە قېتىم كەلگەن ھەم ئۇ يەرلەردە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان چاغلاردىمۇ، بىرەر قېتىممۇ نامازنى قازا قىلمىغانىدى. جۇمە نامىزىنى بولسا شۇ يەردىكى جامائەت بىلەن خۇددى ئۆز يۇرتىدىكىدەك مەسچىتلەردە ئۆتەيتتى. بىراق، موسكۋاغا كېلىپلا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك نامازنى قەيەردە ئۆتەشنى، مۇسۇلمانچىلىقتا مۇخالىپ كەلمەيدىغان تاماقنى نەدە يېيىشنى

بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بەختىگە پويىزدا سەپەرداش بولۇپ قالغان بىر ئۆزبېك ھۇسەن بايغا موسكۋادا تىجارەت قىلىدىغان بىر ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى: ئاشۇ ئۇيغۇر ھۇسەن بايغا ئۆزى ئۇچچە تۇرىدىغان بىر ئۆينى ئىجارىگە بەردى ھەم ئاش - تامىقىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقتى. ھۇسەن باي ئۇ يەرگە جايلىشىپلا ئالدىراپ پويىز ئىستانسىسىغا باردى. ماللىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولغۇچە چۈش بولاي دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن جۈمە بولۇپ، كوچا - رەستىلەرنىڭ ھېچ يېرىدىن مەسچىت تاپالمىغاچقا، جۈمە نامىزىنى قازا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېلىقى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى.

ھۇسەن باي بۇ قېتىم موسكۋاغا ياۋروپا كىنەزلىرى، ئېسىلزادىلىرى ھەم دۆلەتمەنلىرى ئەتىۋارلايدىغان قىممەت باھالىق ئەلتېرە، تۈلكە، سۆلەيسۈن، بورسۇق، بۇغا، ھەتتا يولۋاس تېرىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى، بۇ يىل موسكۋادا چوڭ كۆلەملىك يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، بۇنداق يەرمەنكىگە ئۆزى يەڭگىل، باھاسى يۇقىرى ھەم كەم تېپىلىدىغان ماللارنى ئېلىپ كەلمىسە بولمايتتى. بىراق، ھۇسەن باينىڭ موسكۋاغا كېلىشىدىكى سەۋەب يالغۇز شۇلا ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە سودا - تىجارىتىنىمۇ مۇھىم ئىش - مۇسۇلمانلارنىڭ بەش پەرزىنىڭ بىرى بولغان مەككە - مۇكەررەمە، مەدىنە - مۇنەۋۋەرنى تاۋاپ قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىمى تەككەن مۇبارەك جايلارنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارمىنىنى ئىشقا ئاشۇرماقچىدى. شۇڭا، ئۇ



مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بارلىق پەرز، سۈننەت - ۋاجىپلىرىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئورۇندايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. «ئۆمرۈم سودا - تىجارەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، بىرنى ئىككى قىلىمەن، ئىككىنى ئۈچ قىلىمەن دەپ ئاتمىشقا كىرىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئەمدى بولدى، ياشلىق - نادانلىقتا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىممۇ ئاز ئەمەس، خۇدا ئۇلارنىڭ قايسى بىرىدىن ئۆتەركىن. ئەمدى كېچىكسەم چاتاق، خۇدا ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن، مۇنۇ ناسارالارنىڭ ئارىسىدىن مېنى تېزرەك بەيتۇللاغا يەتكۈزگەيسەن. . . » .

— ۋۇت. . . ۋۇت. . . ۋۇت. . .

تۇيۇقسىز قولاقنى يارغۇدەك ۋارقىرىغان زاۋۇتلارنىڭ گۇدۇكلىرى ھۇسەن باينىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئاندىن ئاسمانغا تاقاشقۇدەك تۇرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىسلارنى پۇرقىرىتىپ چىقىرىۋاتقان، ئېگىز بىنالىق قورۇلاردىن تۇركۈم - تۇركۈم ئادەملەر گۇرۇلدىشىپ چىقىپ ئادەملەر شالاڭ كوچىلارنى بىردىنلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھۇسەن باي بۇ ئادەم دېڭىزى ئىچىدە قېقىلىپ، سوقۇلۇپ ئانچە يىراق بولمىغان تۇرالغۇسىغا كەلگۈچە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئالمان - تالمان تەرەت ئالدى - دە، نامىزىنى ئۆتىدى، ئاندىن ئۆيي ئىگىسىدىن موسكۋادىكى زاۋۇتلار ھەققىدە سۈرۈشتۈردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كىشى موسكۋادىكى زاۋۇتلارنى بەش قولدەك بىلىدىغان بولۇپ چىقتى.

يەرمەنكىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە يەنە ئۈچ كۈن بار ئىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇ ھېلىقى زاۋۇتلارنى كۆرگىلى

چىقتى.

— بۇ يەردە زاۋۇت دېگەن ۋاقچىدىلا، — دېدى ھۇسەن باينى موسكۋانىڭ تۆت چاسا تاش ياتقۇزۇلغان كەڭ كوچىلىرىدىن باشلاپ كېتىۋاتقان ھېلىقى كىشى، — سىرتىدىن قارىسا ئوخشاشتەكلا كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلەيدىغان نەرسىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەنە ئاۋۇ سوپۇن زاۋۇتى، ئۇنىڭ بېرىسىدىكى سەرەڭگە زاۋۇتى، يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، بۇنىڭدا خىلمۇ خىل رەختلەر توقۇلىدۇ.

— ئاياغ كىيىم زاۋۇتى بار دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئۇ قەيەردە؟ — سورىدى ھۇسەن باي ھېلىقى كىشىدىن.

— ئاياغ كىيىم زاۋۇتى؟ — قايتا سورىدى ھېلىقى كىشى، ئاندىن بىر ئاز ئويلىنىپ جاۋاب بەردى، — ئۇمۇ بار. بىراق، ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا. ئەگەر ئۇ يەرگە بارايلى دېسىڭىز، پەيتۇنسىز بىرنى كىرا قىلمىساق بولمايدۇ. پىيادە جاپا تارتىپ قالىمىز.

— بوپتۇ بارايلى، كۆن تېخى ئەتىگەنلىۇ، پېشىنغىچە بېرىپ كەلگىلى بولار؟

ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ موسكۋانىڭ ھەيۋەتلىك سېپىللىرىنى ياقىلاپ ئۆتۈپ، موسكۋا دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۈك ئورمانلىقلارنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ئەتراپى ئوخشاشلا بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر چوڭ قوروغا يېتىپ كەلدى. ھېلىقى كىشى دەرۋازىۋەنگە رۇسچە بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىككىيلەنگە ئوتتۇرا ياشلىق بىر رۇسنى قوشۇپ قويدى. ھۇسەن بايمۇ رۇسچىدىن خېلى



خەۋەردار ئىدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ ھەر بىر سېخىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى، ئايدا قانچىلىك ئاياغ كىيىم ئىشلەپ چىقىرالايدىغانلىقىنى، قانچە ئادەم ئىشلەيدىغانلىقىنى، زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى قەيەردە ياسالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سورىدى.

— سىزمۇ زاۋۇت قۇراي دەمسىز نېمە؟ — سورىدى ھېلىقى كىشى، ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ قايتىش سەپىرىدە. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىلىدىكى چوڭ باي «ھۇسەن باي» ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ زاۋۇت قۇرۇش ئارزۇسى بارلىقىنىمۇ بىلىۋالغانىدى.

— ياقەي، قېرىغىنىمدا زاۋۇت قۇرغۇدەك نەدە ماغدۇر بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئەرزانراق بولسا ئالغاچ كېتەي دېۋىدىم، — جاۋاب بەردى ھۇسەن باي، ئاندىن، — بىراق ئانچە مەنپەئەتى يوقتەك قىلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئۇلاردىن رايى يانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ئىسمى - جىسمىغا لايىق زاۋۇت قۇرىمەن دېسىڭىز گېرمانىيىگە بېرىڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ھازىر كۆرگەن زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گېرمانىيىدە ياسالغان، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى ياخشى. مەن سىزگە ئېيتسام، ئۆز ۋاقتىدا ۋېلى بايمۇ ئالمۇتىغا بىر نەچچە زاۋۇت قۇرماقچى بولۇپ، بىر نەچچىسىنى گېرمانىيە، ئەنگلىيىلەرگە ئەۋەتكەن. ئۇ چاغدا يەركەت گوبېرنىيىسىدە ئىشلەيتتىم. بىز بەش كىشى بېرىۋىدۇق، ئالتە ئايدەك شۇ ياقلاردا يۈرۈپ، ئاخىر بىر فابرىكا، بىر ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، بىر سوپۇن زاۋۇتى قۇرۇشقا پۈتۈشتۇق. قايتىپ كەلسەك

روسىيىدە نېمە ئىش بوپتۇ دېمەمسىز؟ سوفىيە پرووۋىسكايا دېگەن بىر ئايال چار پادىشاھ نىكولاي II نى ئۆلتۈرۈپ، روسىيىدە چوڭ بىر ئىش تېرىپتۇ. روسىيىدە بىر ئىش چىقسا بىز تەرەپلەرگىمۇ دەز كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىزنىمۇ پايلاپ زادى ئارام بەرمىدى. قارىساق ئىش چاتاق، بىزنى خۇددى جىنايەتچىدەك تەقىپ ئاستىغا ئالغىلى تۇردى. ئاخىر بولماي بىر كېچىدىلا بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم. روسىيىنىڭ ئورال، سىبىرىيە، ۋىلادىۋاستوك دېگەن يەرلىرىدە قاڭقىپ بىر نەچچە يىل يۈردۈم. ئاندىن بۇ يەرگە كېلىپ دۇكان ئېچىپ يۈرۈپ ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان قورۇ ـ جايىنى سېتىۋالدىم. شۇنىڭغىمۇ يەتتە سەككىز يىل بولۇپ قالدى. ھېلىقى زاۋۇت قۇرىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى شۇ چىقمىغانچە تا ھازىرغىچە چىقمىدى...

ھۇسەن باي ئۆزىگە بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن ھەم قېرىنداشىدەك كۈتۈپ، خۇددى يارىدەمچىسىدەك نەگە بارسا شۇ يەرگە بىللە بېرىشىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا شۇندىلا تەپسىلىي سەپسالدى. چوڭكى، ئورۇق كەلگەن، پېشانىسىنى، جاۋغايلىرىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان بولسىمۇ، كۆزلىرى ھېلىمۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن يېنىپ تۇرىدىغان، ساقاللىرىنى قىرىپ چۈشۈرگەن بۇ ئادەم ھۇسەن بايدا ئاجايىپ بىر يېقىنچە تۇيغۇ، يېقىنچە ئوي، يېقىنچە خىيال قوزغىلاندى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ھۇسەن باي ئۇنىڭغا قاراپ.

— مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم ئەينىدىن، دادامنىڭ ئىسمى ئەمىردىن، بىراق بۇ يەردە ئۇ ئىسىملىرىمنى ھېچكىم



بىلمەيدۇ. مېنى ئىزدەپ قالسىڭىز، سېمونوۋ سېمونوۋىچ دېسىڭىز بولىدۇ. بۇ يەردە ھەممە شۇنداق ئاتايدۇ...

ھۇسەن باي پەيتۇننىڭ يەڭگىل تەۋرىنىشىدىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئۈزۈنغىچە شۈك بولۇپ كەتتى. ئەمما، خىيالىدا: «تۇۋا، ئورۇسلا بولۇپ كەتكىنىنى، رەڭگىرويىمۇ ئورۇسقا ئوخشاپ كېتىپتۇ. ئىسمىنىمۇ ئورۇسچە قويىۋالغىنىنى قاراڭلار» دېگەن ئوي كېچىۋاتاتتى...

— ئۇدۇل ئۆيگە كېتىمىزمۇ ياكى شەھەرنى تاماشا قىلدۇرامىز؟ — سورىدى ئۆزىنى ئەينىدىن دېگەن ھېلىقى كىشى جىملىقنى بۇزۇپ.

— بۇ يەردە مۇسۇلمان ئاشپۇزۇللىرى بارمۇ؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ھۇسەن باي.

— بار، مۇسۇلمان ئاشپۇزۇللىرى جىق. ئۆزبېكلەر-نىڭ، تۈركلەرنىڭ، تۈركمەنلەرنىڭ، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشپۇزۇللىرى بار، قايسىسىغا كۆڭلىڭىز تارتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆزبېكلەرنىڭ ئاشپۇزۇلىغا بېرىپ ئەنجان پولۇزىدىن يەيلى، — دېدى ھۇسەن باي مەيدە يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن.

ئۇلار موسكۋانىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە كىرىپ پەيتۇندىن چۈشتى. بۇ كوچا پۈتۈنلەي دۇكانلار، يايمىچىلار ھەم ئاشپۇزۇللار بىلەن تولغان بولۇپ، كوچىنىڭ ئىچى سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ئادەملەر بىلەن ۋاژىلداپ كەتكەنىدى. ھاۋادىن خىلمۇ خىل تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلەتتى. ئاشپۇزۇللارنىڭ ئىچىمۇ ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ سىزمۇ زاۋۇت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ

بېقىپتىكەنسىز ـ دە، — بابا ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىدە ئېغىز ئاچتى ھۇسەن باي ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن، سېمىز قوي گۆشى بېسىلغان يوغان بىر لېگەن پولۇدىن بىر كاپام ئېلىپ.

— زاۋۇت قۇرۇشقا ۋېلى بايدەك گوبېرناتورلار كۆچىمىسە، بىزدەك ئادەملەرنىڭ پايپېتەك بولغىنى بىكار، ئۇ ئاز-پۇل بىلەن پۈتۈدىغان نەرسە ئەمەس، — دېدى ھېلىقى كىشىمۇ ئاغزىغا سالغان پولۇنى ئالدىرىماي چايناپ تۇرۇپ، ئەگەر شۇ چاغدا زاۋۇتلار بىز ئويلىغاندەك قۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەم ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ بازار تېپىپ كېتەتتى. ئۆزىڭىز ئويلاپ قارىماسىز، كېۋەز دېگەن بىزدە تېرىلىۋاتسا، مال ـ چارۋا دېگەن بىزدىمۇ يېتەرلىك تۇرسا. بىز ھازىر شۇلارنى خام پېتىچە بۇلارغا ئەرزان باھادا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەن نەرسىلەرنى نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالغاچقا، روناق تاپمايۋاتقان خەقتە بىز، — ھېلىقى ئادەم قىنىق چايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلانغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — تېخىمۇ مۇھىمى، بىر زاۋۇت دېگەن چوڭ بىر مەكتەپ، ئۇ ئۆزى بىلەن زور مەدەنىيەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەلققە مەدەنىيەت تارقىتىدۇ. باش پاناھسىزلارغا ماكان بولىدۇ. چېچىلىپ يۈرگەن خەقلەرنى بىر جايغا توپلاپ، ئۇلارنى ئويۇشتۇرىدۇ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. . .

— سىزچە بىرەر زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟



— ئوتتۇرا ھال زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن گەپ يو
مىليوندىن ئوشۇق ئاقچا كېتىدۇ، بىز ئۆز ۋاقتىدا گېرمانى
بىلەن بىر زاۋۇتنى ئۇسكۇنىلىرىدىن تارتىپ ئۇنى يۆتكەش
قۇراشتۇرۇش ھەم ئىشقا كىرىشتۈرگۈچە بولغان ئىشلارن
بىر يېرىم مىليون سوم ئاقچىغا پۈتۈشكەنىدۇق. ئۇلار يە
زاۋۇت ئىشقا كىرىشىپ بىر يىلغىچە زاۋۇت ئۈچۈن بەش يۈ
تېخنىك، باشقۇرغۇچى، بوغالتىر، ئامبارچى، كاسسىر
پىرىيومچىلارنى تەربىيىلەپ بەرمەكچى بولغانىدى.
— ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىم زاۋۇتلىرى قانداقراق؟ —
سورىدى ھۇسەن باي.
— ۋاھ، ئاجايىپ دەڭا، — دېدى سۆزىنى تېخىم
ئېچىلغان ھالدا داۋام قىلدۇرۇپ ھېلىقى كىشى، —
ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىم زاۋۇتلىرى يالغۇز ئاياغ كىيىم
تىكمەيدۇ، ئۇلار ئات، كالا، قوي تېرىلىرىنى ئاۋۋا
ناھايىتى سىپتا خۇرۇم، بىشۇ، مەسكاپ، چەم قىل
ئىشلەيدۇ، ئاندىن ئۇنى سىخ ـ سىخلارغا ئەۋەتىپ ئايا
كىيىم، باش كىيىم، خۇرۇم پەلتو، خۇرۇم سوم
قىسقىسى خۇرۇمدىن، چەمدىن ئىشلىنىدىغانلىك
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.
— شۇنداقمۇ، مۇنداق دەڭ، ھەقىقەتەن ئاجايىپكەن، —
سۆز قاتتى ھۇسەن باي.
— شۇنداق، ئاجايىپ، — دېدى ھېلىقى ئادە
جاۋابەن. ئاندىن مەيدىسىنى ئۈستەلگە تىرەپ مۇشتۇملىرىن
تۈگكەن ھالدا ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — س
بىلەن بىزنى خۇدايىم يەر تېرىسۇن، مال باقسۇن دەپ
يارانتقانما؟ ئۇنداق ئەمەس، بىزمۇ مۇشۇلار قىلغان ئىشلارن

قىلىمىز دېسەك قىلالايمىز، بىراق بىزدە جۈرئەت يوق. يەنە بىرى پۇلىمىز يوق، يەنە بىرى بىزدە ئۆملۈك يوق. بىر ئىشقا تۇتۇشساق ھە - ھۇ دەيدىغان قولدىشىمىز يوق. ئەمما، پۇتلايدىغان، توسايدىغان، يېقىتىدىغانلار رزە تولا. . . — ھېلىقى ئادەم ئاخىرىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك كۈلكىسى ھۇسەن بايغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھۇسەن بايمۇ ئاپئاق ساقىلىنى سىيپاپ كۆزلىرىنى قىسقىنىچە خىيالغا چۆكتى.

ئاشپۇزۇل تاماقلارنىڭ ھورى، ئادەملەرنىڭ تىنىقى بىلەن تولۇپ كەتكەندى. پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ پولۇنى تۈگەتكەن بۇ ئىككى ئادەم تەرلىرىنى سۈرتۈپ سىرتقا چىققاندا خۇددى ئۇلارنىڭ چىقىشىنى قارشى ئالغاندەك زاۋۇتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازى موسكۋانىڭ سۈزۈك ئاسمىنىنى جاراڭلىتىپ يەنە ئارقا - ئارقىدىن ياڭراشقا باشلىدى.



# قېرىغاندا تىكلەنگەن غايە

ھۇسەن باينىڭ دادىسى مۇسا، بوۋىسى ئابدۇرۇسۇل ئۆز زامانىسىدا ئاتۇشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ بايلاردىن بولۇپ، قول ئىلكىدە مىڭ مودىن ئوشۇق يەر - زېمىن، ئەللىك مىڭ تۇياقتىن ئوشۇق مال - چارۋىسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «باي» دېگەن سۈپەت قوشۇلۇپ، «ئابدۇرۇسۇل باي»، «مۇسا باي» دەپ ئاتىلاتتى. ئابدۇرۇسۇل باي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تەئەللۇقات مۇسا بايغا قالغانىدى. مۇسا باي دەسلەپ دادىسى ئابدۇرۇسۇل بايغا ئوخشاش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر مەزگىل كۆزى پىشقاندىن كېيىن سودا - تىجارەتكە يۈزلەنگەن. سودا - تىجارەت مۇسا باينى بارغانسېرى كەڭ بازارلارنى ئىزدەشكە يېتەكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئوغلى ھۇسەن بىلەن باۋۇدۇننى ئېلىپ غۇلجىغا كەلگەنىدى.

غۇلجا ئۆز زامانىسىدىمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان، سودا - تىجارەت گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە ئارقىلىق كىرىدىغان ياۋروپا ماللىرى بۇ يەردە ئەركىن ئېلىپ - سېتىلاتتى. شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ ماللىرىمۇ روسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا چىقىرىلاتتى. سودا - تىجارەت تەجرىبىسىگە مول بولغان مۇسا باي غۇلجىنىڭ تىجارەتنى روناق تاپقۇزۇشقا ناھايىتى باب كېلىدىغانلىقىنى

بايقاپ، غۇلجىنىڭ شەرق تەرىپىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئېلىپ ساتىدىغان بىر دۇكان ئاچتى. بۇ دۇكان يەنە چەت ئەلدىن كىرگەن ماللارنى ئېلىپ توپلايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئېشەكچىلەر ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يوللايدىغان مۇھىم تۈگۈنگە ئايلىنىپ قالدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسا باينىڭ تىجارىتى بارغانسېرى روناق تېپىپ يەرلىك مال، كۆندىلىك بۇيۇملاردىن تاشقىرى، يەنە چارۋا مەھسۇلاتلىرى — يۇڭ، تېرە، ئۈچەي، تىۋىت قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ تىجارىتى دائىرىسىگە كىرىپ كەلدى. بۇ مەھسۇلاتلار ئۆز ۋاقتىدا مۇھىم بولغان خەلقئارالىق تاۋارلار بولۇپ، ياۋروپادىكى ئاياغ كىيىم زاۋۇتلىرى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ مۇھىم خام ئەشيالىرى ئىدى. شۇنداقلا، مۇشۇ خام ئەشيالار تىجارىتى مۇسا باينى روسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانلىرىغا سەپەر قىلىشقا يېتەكلىگەن ۋە زور پايدىغا ئېرىشتۈرگەنىدى. مۇسا باي ياۋروپانى ئۈچ يىلغا يېقىن ئايلىنىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تىجارىتىنى مال تېرىلىرىنى پىششىقلاپ كۆن - خۇرۇم ئىشلەشكە قارىتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ ئىچكى بازار ھەم تاشقى بازارغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنىڭمۇ ھەسسىلەپ ئاشىدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەنىدى. مۇسا باي غۇلجىغا كېلىپلا ئۆز نىيىتىگە مۇۋاپىق، كۈرە شەھىرىدە كىچىك تىپتىكى كۆنچىلىك كارخانىسى قۇردى. بۇ كارخانا كالا، ئات، قوي تېرىلىرىنى ئاشلاش، ئايرىش، پەردازلاش ئارقىلىق ئاياغ كىيىم، مەسىلەن، ئۆتۈك، مەسە، سەندەل،



شۇۋەك قاتارلىق ئاياغ كىيىملەر تىكىلىدىغان كۆن - خۇرۇم ئىشلەيتتى. بۇ كارخانىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن ئالتە - يەتتە قوروچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىش ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىشلەيدىغان ئەللىكچە كىشىنىڭ قول ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلىنەتتى. بۇ كارخانا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا بازار تېپىپ، ئۇ يەردە ئىشلەنگەن خۇرۇملار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېتىلدى. 1895 - يىلى مۇسا ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن غۇلجىدىكى بارلىق مال - مۈلكى ھەم تېرە كارخانىسىنى چوڭ ئوغلى بولغان ھۈسەن بايغا مىراس قالدۇرغانىدى. ھۈسەن باي بۇ چاغدا ئەللىك بىر ياشلاردا بولۇپ، شۇنىڭغىچە دادىسىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە ئىگىلىك باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن دادىسى قان - تەر سىڭدۈرگەن ئىگىلىككە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ئېغىر يۈك ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ھۈسەن باينىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سودا - تىجارەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز ئىلكىگە ئۆتكەن ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودا - تىجارەت ئورۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، «مۇسابايوف بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قۇرۇپ سودا - تىجارەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. مەسچىت - مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى، رېمونت قىلدى، ئاجىز - مىسكىنلەرنى يۆلىدى، نۇرغۇن

ئىشلارنى قىلدى. ئەمما، چوڭ تىپتىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق، ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان زاۋۇت قۇرۇشنى كۆپ قېتىم خىيال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تۇتۇش قىلالمىدى. مانا ئەمدى ياش چوڭايغاندا. . .

— ھاجىم تۇرسىلا، بامداتقا ئەزان ئېيتتى، — ھۇسەن باينىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى. ھۇسەن باي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە ئوخشاش ھەج قىلىشقا كەلگەن ھاجىملار بىلەن بۈگۈن مەسچىت ھەرەمدە ئاخىرقى بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا ماڭدى. ھۇسەن باي موسكۋادىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ھەرەمگە كەلگىلى خېلى بولغانىدى. ئۇ بۇ يەردە ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن دېگۈدەك توپلانغان بۇنداق مىسلىسىز كۆپ ئادەمنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق رەختكە ئورىنىپ ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك تەكبىر ئېيتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەسچىتىل ھەرەمگە — كەبىگە قاراپ ئاپئاق ئۇلۇغ ئېقىن بولۇپ ئاققانلىقىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆرگەنىدى. ئاللاغا ياغدۇرۇلغان چەكسىز ھەمدۇسانالار ئىچىدە ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ مۇقەددەس كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىشقا مۇيەسسەر بولغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتارىدا ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىدىن مىسلىسىز خۇشاللىق، بەخت ۋە پاكلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمگەن ھۇسەن باي ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگۈچە كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغانلىرىنى تامامەن ئەستىن چىقىرىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كېلىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇلۇغ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان جاي



ھەمدە ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك جىسمى دەپنە قىلىنغان يەنە بىر مۇقەددەس شەھەر مەدىنە — مۇنەۋۋەردىكى دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم سېلىنغان پەيغەمبەر مەسچىتىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئۆي، ئۇنىڭ قەبرىسى ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىدىكى سۈرلۈك سۈكۈناتنى كۆرگەن ھۇسەن باينىڭ كۆڭلى مىسكىنلىككە تولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ ناھايىتىمۇ يېقىن ۋە رەھىمسىزلىكىنى يادىغا سالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەللىك تۆت ياشقا كىرگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىغا يېتىشكە ناھايىتى بىر نەچچە يىللا قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى. ھەتتا، سودا - تىجارەتتىنمۇ قول ئۈزۈپ، ئۆزى شۇ قېتىم كەلگەندە مەككىدىن سېتىۋالغان «تەكىيخانا» دا تۇرۇپ يۇرتىدىن كەلگەن ھاجىملارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، قالغان ئۆمرىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمۇ بولغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ ھۇسەن باي ھاجىم، ئۆزلىرى مۇشۇ تەكىيخانىدا تۇرۇپ قالماقچىغۇ دەيمەن، ئۆتكەندە شۇنداق بىر گەپنى ئىشىتكەندەك قىلىۋىدىم، — دېدى ھۇسەن باي مەسچىتىل ھەرەمدىن چىقىپ «تەكىيخانا» نىڭ گىلەملەر، كۆرپىلەر سېلىنغان ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، تامنى چۆرىدەپ قويۇلغان يوغان ياستۇقلاردىن بىرىنى بېشىغا تارتىپ يانپاشلاپ، تورۇسنىڭ گۈللۈك ۋاسىجۇپلىرىگە قىزىقسىنىپ قاراۋاتقان، بەستلىك كەلگەن بىر ھاجىم.

بۇ ھۇسەن باي موسكۋاغا ئېلىپ كەلگەن ماللىرىدىن قالغان پايدىنىڭ بىر قىسمىغا سېتىۋالغان ئۇن نەچچە

ئېغىزلىق ھەجساراي بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەردىن ئىككى يۈز نەچچە كىشى بىمالال سىغاتتى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە گىلەملەر توشتۇرۇپ سېلىنغان، قازان - قومۇش، چىنە - قاچىلارمۇ تەق قىلىنغانىدى. ئۇ ھەم ئاۋات بازاردىن ئانچە يىراق بولمىغاچقا مەيلى ھەج مەزگىلىدە بولسۇن، ياكى ھەج پائالىيىتى توختىغاندىن كېيىن بولسۇن سودا - تىجارەت قىلىشقىمۇ ناھايىتى باب كېلىدىغان جاي ئىدى.

— يوقسۇ تەقسىر، — دېدى ھۇسەن باي مەيدە يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، — مەن بۇ «تەكىيخانا» نى مەككە مەھكىمىسىگە ئاتىۋەتتىم، ئۇلار ھەج مەزگىلىدە بۇ سارايىنى ھاجىلارغا ھەقسىز ئېچىۋېتىدىغان، ھەجدىن كېيىن تاپقان كۈندىلىك كىرىمىنى مەسچىتىل ھەرەم ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ھېلىقى ھاجىم يانپاشلىغان جايىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى - دە، ھۇسەن باينىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ تۇرۇپ قاراپ، — ئۇنداق بولسا بىز بىلەن بىللە يۇرتقا قايتىدىكەنلا - دە؟ - دېدى.

— ھازىرچە ئۇنداقمۇ قىلالمايدىغاندەك تۇرىمەن، — مۇجمەل جاۋاب بەردى ھۇسەن باي.

— ۋوي، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — سورىدى ھېلىقى ھاجىم.

— مەن، ھاجىم، — دەپ گەپ باشلىدى ھۇسەن باي، — مېنىڭ غۇلجىدىن چىققىنىمغا توپتوغرا ئالتە ئاي بوپتۇ. بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە مەن خېلى يۇرتلارنى كۆرۈپتىمەن، نۇرغۇن



بازارلارنى ئارىلاپتىمەن، بىراق ھەرەمگە كەلگەندىن كېيىنلا مەن ئىلگىرى زادىلا بايقىمىغان بىر ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ زادى ئارام بەرمىدى. ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇنىڭ نەرسىسىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ نەرسىسىنى ئۇنىڭغا سېتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەپتۇ.

— دۇرۇس ئېيتتىلا، مانا بۇ بىزدىكى چېچەنلىك، خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتى، — دېدى ھېلىقى ھاجىم ئورنىدا سەل قىمىرلاپ قويۇپ.

— خەقلەر بولسا ئۇنداق قىلمايدىكەن، — گېپىنى باشقىچە ھەم ئۈنلۈكرەك داۋام قىلدى ھۇسەن باي، — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى زاۋۇت، فابرىكىلاردا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، يەر - جايلىرىنىڭ ناملىرىنى قويۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ساتىدىكەن. شۇلارنىڭ ساتقان ماللىرى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ نامىمۇ دۇنياغا تارقىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنى ھەممىلا يەردە ئەتىۋارلايدىكەن، ھەتتا ھەرەمدىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن، بىزنى بولسا ھېچكىم، ھېچ يەردە قاتارغىمۇ ئالمايدىكەن. بىزنىڭ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تونۇتىدىغان ماللىرىمىز يوقكەن. ئۇ ماللىرىمىزنى ئاپىرىپ ساتىدىغان تۈركۈم - تۈركۈم ئادەملىرىمىز يوقكەن. شۇڭا، ھەج قىلغىلى كەلگەن بىزدەك ئادەملەرنىڭ يا ئات - ئۇچۇرى، يا ئىناۋىتى بولمىغاچقا، ئارافات كۈندىكى مۇقەددەس ئىبادەتتە توپنىڭ تېشىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىلىپ، كەبىنىڭ يېنىغىمۇ بارالمايدىكەنمىز، — ھۇسەن باينىڭ كۆزى ھېلىقى ھاجىمغا يۆتكەلدى. ئۇ ھاجىم ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتقىنىچە داڭ قېتىپ قالغانىدى.

— «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەن گەپ بار. مەن بۇ مۇقەددەس جايغا كەلمىگەن بولسام بۇ كاللامغا ئۇنداق قەتئىي خىيال زادىلا كەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئىنشائاللا ئاللا تائاللا ئىگەم ماڭا بۇ قۇتلۇق سەپەرنى نېسىپ قىلدى ھەم دىلىمنى يېڭى بىر ئۈمىد بىلەن يورۇتتى. ۋۇجۇدۇمغا يېڭى بىر جاسارەت ئاتا قىلدى. ئەمدى مەن خۇدا خالىسا ئەنە شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلاي، — دەيمەن.

ھۆسەن باي ئۆزىنىڭ نېمە ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى، ئۇ ئاق كىرگەن دۆگىلەك ساقىلىنى سول قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «خۇدا قېرىغاندا دىلىمغا سالغان ئاشۇ ئىشىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمغا نېسىپ قىلغايسەن» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ قەتئىيلىك بىلەن يانغان كۆزلىرىدىن، قېرىغاندا تۇتۇش قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقلا، قېرىغاندا تىكلەنگەن ئۇ غايىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئىدى.



# مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرالىغان بولسام . . .

گېرمانىيە ئوتتۇرا ياۋروپا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شىمالى بالتىق دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمىدا رېيىن دەرياسى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. گېرمانىيىدە بوننى، مىيۇنخېن، بېرلىن دېيدىغان مەشھۇر شەھەرلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوننى تارىخى ئۇزۇن شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ شەھەر تارىختا خېلى بۇرۇنلاردا داڭ چىقارغان. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا سېلىنغان مۇستەھكەم قورغانلار، ھەشەمەتلىك خان سارايلىرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، سودا تىجارەت سورۇنلىرى، ئاۋات بازارلار، بۇ شەھەرنى گېرمانىيىنىڭ داڭلىق مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرغان. كېيىنرەك بۇ شەھەردە زاۋۇت - فابرىكىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ھەم تەرەققىي قىلىپ، ئۇنى گۈللەنگەن سانائەت شەھىرىگىمۇ ئايلاندۇرغانىدى.

ھۆسەن باي بۇ شەھەرگە كەلگەندە، شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرى، يېشىللىققا پۈركەنگەن باغ - ئورمانلىرىدا ياز قۇياشى جىلۋە قىلىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازادىلىك بەخش ئېتىپ تۇراتتى. چېركاۋلاردىن چىقىۋاتقان قوڭغۇراق سادالىرى، بازار - رەستىلەردىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، پەيتونلارغا قوشۇلغان ئاتلارنىڭ بوينىغا ئېسىلغان ئۇششاق مىس قوڭغۇراقتىن چىقىۋاتقان

سادالار ئەتراپقا خۇددى يېقىملىق كۈيلەردەك تارقىلىپ، زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

— خوش، نەگە بارىمىز؟ — پەيتۇنكەش ھۆسەن باي بىلمەيدىغان بىر خىل تىلدا كەينىگە بۇرۇلۇپ پەيتۇننىڭ ئارقىسىدا يېگىلا جايلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى كىشىگە قارىدى. ئۇنىڭ بىرسى تېخى تۈنۈگۈنلا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن ھۆسەن باي، يەنە بىرسى مۇشۇ شەھەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان ئالمۇتىلىق زەيناۋۇدۇن دېگەن ئۇيغۇر ئىدى. ھۆسەن باي ئۇنى موسكۋادا ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئادرېسى بويىچە تاپقانىدى. ئۇ نېمىسچىنى سۇدەك بىلگەچكە، ھۆسەن باي ئۇنى تەرجىمان بولۇپ بېرىشكە ئاران كۆندۈرگەنىدى.

— نەگە بارىمىز دەپ سوراۋاتىدۇ؟ — دېدى ھېلىقى تەرجىمان ھۆسەن بايغا بۇرۇلۇپ.

— نەگە باراتتۇق، قەيەردە زاۋۇت بولسا شۇ يەرگە بارىمىز، زاۋۇتقا ئاپارسۇن زاۋۇتقا. — تەرجىمان ھۆسەن باينىڭ گېپىنى پەيتۇنكەشكە تەرجىمە قىلىپ بەردى. لېكىن، پەيتۇن يەنىلا قوزغالمىدى. پەيتۇنكەش بۇ ئىككى كىشىگە ئەجەبلەنگەندەك بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى.

— نېمە دەيدۇ؟ — تەقەززا بولغان ھۆسەن باي سورىدى تەرجىماندىن.

— بۇ يەردە ھەر بىر زاۋۇتنىڭ ئىسمى بار، قايسى زاۋۇتقا ئاپىرىشنى دەپ بەرگەن بولساڭلار، — دەيدۇ.

— ھەي، ماڭا قاراڭ، سىز ئۇنىڭغا ئۇختۇرۇپ



ئېيتىڭ، مەن قانداقلا زاۋۇت بولسا بېرىۋېرىمەن، مەن مۇشۇ يەردىكى زاۋۇتلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقماقچىمەن، مېنى ھەممىسىگە ئاپارسۇن، كىرا ھەققىدىن غەم قىلمىسۇن، سورىغىنىنى بېرىمەن.

پەيتۇن ئاخىر قوزغالدى. پەيتۇنكەش بۇلارنى شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن شەھەر سىرتىغا جايلاشقان، ئەتراپى پاكار قاشالار بىلەن قورشالغان بىر جايغا ئېلىپ باردى. ئۇ خۇددى بىر داچىغا ئوخشايدىغان جاي ئىدى. قاشالارنىڭ ئىچىدىكى كەڭ مەيدان يېشىللىق ئىدى. يېشىللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت قەۋەت ئېگىزلىكتە بويىغا ھەم توغرىسىغا قىلىپ ئۇزۇن ئىككى ئىمارەت سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۆگزىسى ئىككى تەرەپكە يانتۇ قىلىپ قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆگزىنىڭ چوققىسى خۇددى پىچاق بىسىدەك كۆككە سانجىلىپ تۇراتتى. قاشانىڭ ئىچىدە يەنە ئۇيەر - بۇيەردە بىر قەۋەتلىك بىر نەچچە ئۆيلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى پاكار تۇرخۇنلاردىن سۇس ئىس چىقىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى.

ھۆسەن باي ئاشۇ قاشالارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆگزىسى بىرلا تەرەپكە يانتو قىلىنغان ھەم ئۈستى تەكشى قىلىپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيتۇندىن چۈشتى. خىلمۇخىل شەكىل چىقىرىپ ياسالغان بۇ دەرۋازىنىڭ بېشىغا لاتىن ھەرپى بىلەن چوڭ قىلىپ يېزىلغان ۋۇۋىسكا ئېسىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۈستىگە ماش رەڭ فورما، بېشىغا يالتىراق چېكىنلىكى بار، قارا جىيەكلىك ئاق

شەپكە كىيگەن، بېلىگە چەمدىن ئىشلەنگەن كەڭ كەمەر باغلىغان، كۆك كۆزلۈك، ئوتتۇرا ياش بىر قاراۋۇل دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيدىن چىقتى ـ دە، چىرايى، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ باشقىچە بولغان بۇ ئىككىيلەنگە قاراپ پەيتۇنكەشكە بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇ ئارىدا ھۇسەن باي بىلەن كەلگەن تەرجىمان گەپنى تارتىۋېلىپ چۈشەندۈردى.

— بۇ كىشى ئىلىدىن كەلگەن ئاتاقلىق باي. سىلەرنىڭ زاۋۇتنى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ باقماقچى، كىرىشكە مۇمكىنمۇ؟

— ئىش ۋاقتىدا زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەن دىرېكتورغا مەلۇم قىلاي، گۇۋاھنامەڭلارنى ماڭا بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دەيدۇ، — دېدى تەرجىمان ھېلىقىنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ.

ھۇسەن باي چەت ئەلدە يۈرۈش جەريانىدا گۇۋاھنامە دېگەننى ماڭدامدا بىر سورايدىغانلىقىنى بىلىۋالغاچقا، ھايال قىلمايلا تۆش يانچۇقىدىن پاسپورتىنى چىقىرىپ بەردى. قاراۋۇل يەنە ئۆزى چىققان كىچىك ئۆيگە كىرىپ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن پاسپورتنى ھۇسەن باينىڭ قولىغا بېرىپ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىشىكنى ئاچتى.

— كىرسۇن دەپتۇ، دىرېكتور بىلەن كۆرۈشىدىكەنسىز، — دېدى تەرجىمان.

— بۇ قاراۋۇل زاۋۇتقا كىرمەي تۇرۇپ دىرېكتور بىلەن قايسى چاغدا سۆزلىشىۋالغاندۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ھۇسەن باي، — بىزنى كولدۇرلىتىۋاتقان بولمىسۇن يەنە.

— ئاۋۇ سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى كۆردىڭىزمۇ.



ئاشۇلار تېلېفون سىملىرى، ئۇلار قاراۋۇلخانىغىمۇ تۇتاشتۇرۇقلۇق تۇرامدۇ. ئۇلار تېلېفون بىلەن سۆزلەشتى تايىنلىق، — دېدى تەرجىمان ھۇسەن باينى ھېلىقى قاراۋۇلنىڭ كەينىدىن باشلاپ ماڭغاچ.

ھۇسەن باي تېلېفون پەقەت پوچتىخانىلارغىلا ئورنىتىلىدۇ، سۆزلىشىدىغان ئادەم پوچتىخانىغا بېرىپلا سۆزلىشەلەيدۇ، دەپ بىلەتتى. زاۋۇتنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆز ئارا تېلېفون بىلەن سۆزلەشكىلى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن تەرەپلىرىدىكى مىجىر ـ مىجىر سىملارغا، پايانسىز دالىغا تىكلەنگەن سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىگە، ئۇلاردىن چىققان ئىككى تال سىمنىڭ دەرۋازا قاراۋۇلخانىسىغا تۇتاشتۇرۇلغانلىقىغا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ يەنە زاۋۇتنىڭ كەڭ كەتكەن قورۇسىدا ئۆزلىرىدىن باشقا بىرەر ئادەمنىمۇ، ھەتتا زاۋۇت تۇرخۇنىنىمۇ چېلىقتۇرمىغانلىقىغا ھەيران قالدى. بۇنى «توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» دەپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئەتراپ ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. يىراقتا ئورمانلىق، ئۆستەڭ ـ كۆللەر بار ئىدى. ئورمانلىق ئىچىدىن ئېلىنغان تۆمۈر يولدا پويىزنىڭ گۇدۇكى ئاڭلاندى. ھۇسەن باي شۇ ياقتا قارىشى بىلەن زاۋۇت قاشاسىنىڭ سىرتىدا، خېلىلا يىراق يەردە تۇرغان زاۋۇت تۇرخۇنىنى كۆرۈپ قالدى.

زاۋۇت دىرېكتورى ساقال ـ بۇرۇتىنى قىرىپ چۈشۈرگەن، چاچلىرىدىن تارتىپ قاش ـ كىرپىكلىرىگىچە ساپسېرىق، ئوسمىدەك كۆك كۆزلۈك، ئورۇق بىر كىشى ئىدى. قاراۋۇل ئۇلارنى ئەكىرىپ دىرېكتورغا

تونۇشتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— زاۋۇتتا مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئىشلەيدىكەن، — دېدى تەرجىمان ھۆسەن بايغا، — يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىكەن، ئاساسەن دىراپ، سوكنا، سارجا ھەم باشقا يۇڭ رەختلەرنى توقۇيدىكەن. سىزگە دىرېكتور ئۆزى سېخلارنى ھەم مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

دىرېكتور ئۈستەلگە قويۇلغان تېلېفوننى ئېلىپ كىمدۇر بىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇپ يۇمشاق ھەم پىرقىرايدىغان ئورۇندۇقىدىن تۇردى ۋە گەپ بىلەن ئىشىككە مەرھەمەت دېگەندەك قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسەتتى.

— بۇ يەر ئەسلىدە مۇشۇ دىرېكتورنىڭ ئاتا — بوۋىسىنىڭ قورۇسى ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە دېھقانچىلىق ھەم تۆگمەنچىلىك قىلاتتىكەن، — دىرېكتورنىڭ سۆزلىرىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ ماڭدى تەرجىمان، — كېيىن دادىسى بۇ يەرگە كىچىك توقۇمىچىلىق ئۇستىخانىسى قۇرۇپتۇ. 1881 - يىلغا كەلگەندە دادىسى ھەر تەرەپتە تىجارەت، دېھقانچىلىق، تۆگمەنچىلىك قىلىۋاتقان جەمەتلىرىنى يىغىپ مەبلەغ توپلاپ مۇشۇ زاۋۇتنى قۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا بۇ كىشى يىگىرمە بەش ياشتا ئىكەن. شۇڭا، ئۇ توقۇمىچىلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىپتۇ، مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن جەمەتىنىڭ مۇشۇ زاۋۇتىغا كېلىپ ئىشلەپتۇ، دادىسى ياشىنىپ قالغاچقا ئىشقا ئارىلاشمايدىكەن، قالغان تۆت ئاكا - ئۇكىسى زاۋۇتقا خام - ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىش، مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىش، چەت ئەللەر بىلەن توختام



تۈزۈش، زاۋۇتقا كېرەكلىك ئۇسكۈنە تېپىپ كېلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەن.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ زاۋۇت قورۇسىنىڭ بويىغا سېلىنغان بىنادىن ئۆتۈپ توغرىسىغا سېلىنغان بىناغا كەلدى. ئۇ يەردە بۇلارنى ئۇستۇۋېشىغا ئاق خالات، ئاق بۆك كىيگەن ئىككى كىشى كۈتۈۋالدى — دە، بىر بۆلۈمچىگە باشلاپ كىرىپ ھەر بىرىگە ئاشۇنداق كىيىملەرنى كىيگۈزدى، ئاغزىغا ماسكىلارنى تارتقۇزدى، ئاندىن خۇددى ئاشلىق ئامبىرىدەك يوغان ئۆيلەرگە بىر - بىرلەپ باشلاپ كىردى.

بۇلار زاۋۇتنىڭ تەقلەش سېخلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە ئاسمان پەلەك بېسىلغان يۇڭلار بار ئىدى. يەنە بىرىدە يوغان كۆللەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى ۋە بىر تۈركۈم قاۋۇل ئىشچىلار يۇڭلارنى ئاشۇ كۆللەرگە سېلىپ يۇيۇۋاتاتتى. يەنە بىرى قۇرۇتۇش، يەنە بىرى بوياش، يەنە بىرى ئېگىرىش قاتارلىق سېخلار ئىدى. بىرىنچى قەۋەتتىكى سېخلاردا ئىش ئاساسەن قول ئەمگىكى ئارقىلىق قىلىناتتى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلەرمۇ ئېگىرىش سېخلىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئىش پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقانىدى، تەق قىلىنغان يۇڭ يىپلار توقۇلىدىغان رەختلەرگە ئاساسەن تولىمۇ ئىنچىكە، سىپتا ئېگىرىلىپ، ئورچۇقلارغا يۆگىلىپ، يوغان كاناپ تاغارلارغا قاچىلانغاندىن كېيىن يەر ئاستى يولى ئارقىلىق ئىككىنچى بىناغا يەتكۈزۈلەتتى. ئىككىنچى بىنا، يەنى قورۇنىڭ ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان بىنا ئاساسەن توقۇش، پىرىيوم قىلىش، ماركا بېسىش، توپ - توپ قىلىپ ئىسكىلاتقا يوللاش سېخلىرى ئىدى. توقۇمىچىلىق دەستىگاھلىرىدا ئوخشاشلا ئاق كىيىمگە ئورالغان ئەرلەر، ئاياللار

ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بىر نەچچە دەستگاھنى ئارىلاپ يۈرۈپ باشقۇراتتى. سېخلار تاراق - تۇرۇق بىلەن تولغان بولۇپ، بىر - بىرىگە قىلغان پاراڭنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئۇلار ھەممە سېخلارنى ئايلىنىپ سىرتقا چىققاندا ھۆسەن باينىڭ قۇلىقى پۈتۈپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

— ھەممە كارامەت مۇشۇ بىنالارنىڭ ئىچىدە ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ قولاقلىرىنى كولىغاچ تەرجىمانغا.

— شۇنداقكەن، ھازىر فابرىكىلار تەرەققىي قىلىپ كېتىپتۇ، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تاراق — تۇرۇقلىرى پۈتۈن زاۋۇتنى بېشىغا كىيەتتى، — دېدى تەرجىمانمۇ ھەيران قېلىپ.

ھۆسەن باي فابرىكىدىن بىر توپ دىراپ ئېلىپ، دىرېكتور بىلەن خوشلىشىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتونغا چىققاندا كۈن چۈش بولاي دەپ قالغانىدى.

ھۆسەن باي ئەنە شۇ تەرىقىدە گېرمانىيىدە ئۈچ ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالدى. بارلىق زاۋۇت - فابرىكىلارنى ئالا قويماي كۆرۈپ چىقتى. ھەتتا، ئىتالىيىدىكى ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغىمۇ بېرىپ كەلدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك مەھلىيا قىلغىنى گېرمانىيىدىكى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرى بولدى. ئۇ، ئۇ يەردىكى تېرە ئايرىش ئۈچۈن ياسالغان سىمونت كۆلچەكنى، بوياش، پەردازلاش سېخلىرىنى، ئۇلاردا ئىشلىنىپ چىققان پىلىكتەك يۇمشاق خۇرۇم، چوچۇندەك چەملەرنى، ئۇلار بىلەن تىكىلگەن چىداملىق، سىپتا، چىرايلىق ئاياغ - كىيىملەرنى كۆرۈپ: «مەنمۇ مۇشۇنداق زاۋۇتتىن بىرنى قۇرالىغان بولسام...» دېدى ئىشەنچسىزلىك بىلەن.



# ھەسرەت - پىغان، ئۈمىدسىزلىك

ھۆسەن باي ھەممە نىمىسى تەل بولغان، كاتتا مېھمانخانىنىڭ ئىجارىگە ئالغان ھۇجرىسىدا ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ گېرمانىيىگە كەلگەن مۇشۇ ئۈچ ئايدا بارلىق زاۋۇتلارغا بېرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوپۇن زاۋۇتى، سەرەڭگە زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى، ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىمۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، شۇنداق زاۋۇتلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭغا بولغان تۇسالغۇمۇ روشەنلىشىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا قايتا بېرىپ ئۇنىڭ دىرېكتورى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىغاندا تىكلىگەن غايىسى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. بۇ مىيونخىندا بولغان ئىش ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ خېلىدىن بېرى ئادەتلىنىپ كەتكىنى بويىچە بامداتنى ئۆتەپلا ئاندا - مۇندا ناشتا قىلىپ تەرجىمان بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن دالىغا جايلاشقان «مىيونخىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى» غا يول ئالدى. ئۇ ئەتراپى ئېگىز خىش تاملار بىلەن قورشالغان، پۇرقىراپ ئىس چىقىرىۋاتقان، ھەيۋەتلىك تۇرخۇنى يىراقتىنلا بولۇتلارغا تاقىشىپ چوقچىيىپ تۇرغان، ئاۋازىمۇ پۈتۈن

شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان سۈرلۈك زاۋۇت ئىدى. پەيتۇنكەش ئۇلارنى زاۋۇتنىڭ ھەم تاقالغان يوغان ئەگمە دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى. دەرۋازىغا ئورنىتىلغان كۇنۇپكىنى بىر ھازا باسقاندىن كېيىن يوغان دەرۋازا ئېچىلىپ، قاراۋۇل ئۇلارنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار ھەم تونۇش بولۇپ قالغان، ھەم دىرېكتور بىلەن ئالدىن تېلېفونلىشىپ بۈگۈن كۆرۈشۈشنى كېلىشىپ قويۇشقانىدى. زاۋۇت دىرېكتورى: «ئىلىدىن ھۇسەن باي دېگەن سودىگەر كېلىپ زاۋۇت - زاۋۇتلارغا بېرىپ مال كۆرۈپ، مال ئېلىۋاتقۇدەك، نۇرغۇن مال زاكاز قىلغۇدەك» دېگەن گەپنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ دىرېكتور ھۇسەن باينىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە ئۆزى ھۇسەن بايغا زاۋۇتنى ھەم مەھسۇلاتلىرىنى تولۇق كۆرسىتىدىغان بولغانىدى.

— تېرىلەر ئاۋۋال مۇشۇ مەيدانغا تۆر - تۆرلىرى بويىچە چۈشۈرۈلىدۇ، — دېدى ئايپاڭۋاش ، بەستلىك ھەم تۈكلۈك دىرېكتور، زاۋۇت قورۇسىدىكى يەتتە - سەككىز خاماننىڭ ئورنىدەك كېلىدىغان، سىلىق تاش ياتقۇزۇلغان مەيدانغا دۆۋىلەپ تاغدەك - تاغدەك قىلىپ تىزىۋەتكەن ئات، كالا، قوي تېرىلىرىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — ئاندىن ئۇلار مۇنۇ كۆلچەكلەرگە سېلىنىپ يۇڭلىرى، تېرىدىكى گۆش - مايلىرى ئايرىۋېتىلىدۇ، — تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلدۇردى دىرېكتور. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولى مەيداننىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك ياسالغان، خۇددى چۆمۈلۈش كۆلىدەك چوڭ تۆت بۇرجەكلىك كۆلچەكلەرنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ كۆلچەكلەردە



ئات، كالا، قوي تېرىلىرى ئۆز تۆرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم لىقشىتىپ چىلاقلىق تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا رېزىنكە ئۆتۈك، رېزىنكە چاپان، رېزىنكە پەلەي كىيگەن ئىشچىلار قوللىرىدىكى ئۇزۇن قىسقۇچلار بىلەن تېرىلەرنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈۋاتاتتى. زاۋۇتنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقان تېرە باسقان ھارۋىلار مەيداندا تېرىلەرنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە زاۋۇتنىڭ ھەممە سېخلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. توختىماي ئىشلەۋاتقان ئىستانوكلارنى، ئۇلاردىن تاختا - تاختا بولۇپ چىقىۋاتقان خۇددى مەخمەلدەك يۇمشاق، سىلىق خۇرۇملارنى، تۆمۈردەك چىڭ چەملەرنى كۆرگەنسېرى ھۇسەن باينىڭ ئىچىدىكى ئوت يالقۇنجاۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇ ئىستانوكلارنىڭ ئاستا ئايلىنىۋاتقان ئۇزۇن تۇلۇقلىرىغا يۆگىلىپ، ئىستانوك تەكچىسى ئۈستىگە خۇددى مايدەك چۈشۈۋاتقان خۇرۇملارنىڭ رەڭلىرىنىڭمۇ خىلمۇخىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

ھۇسەن باينىڭ دادىسىدىن قالغان تېرە كارخانىسىدا ھەممە ئىش قول بىلەن ئىشلىنەتتى. ئىشلەمچىلەر داق يەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە كولانغان ئورەكلەرگە سۇ توشقۇزۇپ تېرىلەرنى چىلايتتى. يەنە شۇنداق ئورەكلەرگە ھاك توشقۇزۇپ تېرىلەرنىڭ يۇڭلىرىنى تازىلايتتى. يەنە شۇنداق ئورەكلەردىن پايدىلىنىپ تېرىلەرنى ئاشلايتتى، ئايرىيتتى، تېرىلەرنى قول بىلەن قاراگۇلدىن ئىشلەنگەن بوياقتا بويايتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن خۇرۇملىرى ھەم قوپال، ھەم چىدامسىز، ھەم بىرلا خىل ئىدى. بۇ يەردە بولسا ئىش باشقىچە ئىدى. يىلىغا ئەللىك مىڭ پارچە خۇرۇم

ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ھوسەن باي ئالىقىنى بىلەن پىشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ: «ياپىرىم، بۇ ئاتا - بوۋامدىن قالغان ئەللىك مىڭ تۇياق چارۋىنى بىر يىلدا خورۇم قىلىپ ئىشلەپ بولىدۇ» دېگەن گەپكەن - دە، دەپ كەتكەنىدى.

ھوسەن باي ئىستانوك ئۈستىگە يېيىلىپ چۇشۇۋاتقان قاپقارا، قىپقىزىل، ساپسېرىق، ئاپئاق خورۇملارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ مىجىقلاپ كۆرەتتى. ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ ئۇلارغا بېرىلگەن رەڭلەرنىڭ قولغا يۇقۇش - يۇقماسلىقىنى سىناپ باقاتتى، ھوسەن باي بۇ زاۋۇتنى تولۇق كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلىنى توختاتتى. «خۇدا بۇيرۇسا مەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر زاۋۇت قۇرىمەن، ئەمدى يەنە ئۇيان - بۇيانغا پايپاسلاپ يۈرۈۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، قانچە كەتسە كەتسۇن، پۇتۇن ۋەسلىم كەتسىمۇ مەيلى، يا بولمىسا مۇشۇ زاۋۇتنى تېگى بىلەنلا سېتىۋالىمەن، ۋەسسالام» دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

— نېمە؟ زاۋۇتنى پۈتۈنلەي سېتىۋالىمەن دەيدۇ، — دېدى دىرېكتور ھوسەن باينىڭ تەرجىمانىغا. ئالىقىنىنى قولىقىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ نەپىسىنىمۇ چىقارماي تەرجىماننىڭلا جاۋابىغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، مۇشۇ زاۋۇتنى، مۇشۇ پېتىچە سېتىۋالسام، دەيدۇ.

— بۇنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلىدىكەن، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچىمىكەن؟ — سوراشنى داۋام قىلدى دىرېكتور.

— ياق، ئۇنى ئىلىغا يۆتكەپ كېتىدىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دىرېكتور ھوسەن باينىڭ مال زاكاز



قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، زاۋۇت سېتىۋېلىش ئۇچۇن ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەنلىكىنى پەقەت ئەمدىلا چۇشەندى ھەم بۇلار بىلەن بىر نەچچە سائەت ئاۋارە بولغانلىقىغا خاپا بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئايپاڭۋاش بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئويلاپ بىر پەس تۇردى. ئاندىن يانىدىكى تامغا تارتىلغان قېلىن دۇخاۋا پەردىنىڭ يىپىنى تارتىپ ئاچتى. ئۇ تامغا بىر كەلگۈدەك دۇنيا خەرىتىسى چاپلانغانىدى. دىرېكتور بىر ھازا ئاختۇرۇپ ھوسەن باي ئېيتقان «ئىلى» نى تاپتى. ئۇ يەر بىلەن ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئارىلىقىنى، يوللارنىڭ ئەھۋالىنى، تاش يول، تۆمۈر يولنىڭ بار يوقلۇقىنى كۆزەتتى. ئاندىن ئورنىغا كېلىپ كەينىگە غادىيىپ ئولتۇردى. ئىككى قولىنى قورسىقىغا قويۇپ گىرەلەشتۇردى، ئاندىن كۆزلىرىنى ھوسەن بايغا تىكىپ كەسكىنلا قىلىپ:

— بولمايدۇ، — دېدى.

— نېمە؟ نېمىگە بولمايدۇ؟ — ئەندىككەندەك سورىدى ھوسەن باي.

— يول يوق، يول! بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى پاراخوت، پويىز بىلەن يۆتكەشتىن باشقا ئامال يوق. ئۈسكۈنىلەرنى روسىيىگە ئاپارغان بىلەن ئىلىغا ئاپارغىلى بولمايدۇ. مۇتلەق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مەھسۇلاتلارنى زاكاز قىلىش ھەققىدە سۆزلىشەيلى.

— ئاۋۋال زاۋۇتنىڭ باھاسى ھەققىدە سۆزلىشەيلى. يۆتكەپ كېتىشكە ئۆزۈم مەسئۇل، — دېدى ھوسەن باي تەرجىمان ئارقىلىق قەتئىي قىلىپ.

— سىلەرنىڭ ئۇ يەردە توك مەنبەسى يېتەرلىكمۇ؟ —

سورىدى دىرېكتور.

— نېمە؟ توك مەنبەسى؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ھۆسەن باي، — توك مەنبەسى دېگەن نېمە؟

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىلەرنىڭ ئۇ يەردە، يەنى مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرماقچى بولغان جايدا قانچە ئېلېكتر ئىستانسىسى بار؟

— ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق.

— ئۇنداقتا سىز ئېلېكتر ئىستانسىسىنىمۇ بىرگە قۇرماقچىمۇ؟

— ياق، مەن پەقەت كۆن - خۇرۇم ھەم ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇرماقچى.

دىرېكتور تەرجىمان ئارقىلىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈردى — دە، سېمىز قورسىقىنى لىغىلدىتىپ ئىچىدە كۈلدى، ئاندىن قولى بىلەن ئۈستەلگە تايىنىپ پېشانىسىنى تۇتۇپ تىلىقىپ كۈلۈپ كەتتى، — سىلەردە يول يوق، تېخنىك يوق، ئىنژېنېر يوق، تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق، ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق يەرگە مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرماقچىمۇ، ھە، مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرماقچىمۇ؟ — دىرېكتور بىر تەرەپتىن بىر قولى بىلەن قورسىقىنى چاڭگاللاپ كۈلۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنە بىر قولى بىلەن كۆزىدىن چىققان ياشنى توختىماي سۈرتەتتى. ئاندىن ئۇ ئۈستەلدىكى تېلېفوننى ئېلىپ كىمدۇر بىرىگە بۇيرۇق قىلدى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك قاراۋۇلى فورمىسىنى كىيگەن ئىككى بەستلىك كىشى كىرىپ ھۆسەن باي بىلەن تەرجىماننى زاۋۇتتىن چىقىرىۋەتتى.

— نېمە قىلغىنى بۇ؟ بىزنى خۇددى لالما ئىتنى قوغلاپ



چىقارغاندەك چىقىرىۋەتتا، — دېدى ھۆسەن باي زاۋۇتنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىن زاۋۇت ئىچىگە ھەسرەتلىك قاراپ، — مەن يامان گەپ قىلمىدىمغۇ، ساتمايمەن، دېسە بولدى ئەمەسمۇ، قاراڭلار بۇ ناسارالارنىڭ زورلۇقىنى، زاۋۇتى بارلىقى ئۈچۈنلا شۇنچە يوغىناپ كېتەمدا؟

ھۆسەن باي بىلەن تەرجىمان ياتاققا پىيادە قايتىپ كەلگەندە كۈن ئاللىقاچان غەربكە قىيسايغان بولۇپ، پېشىن نامىزىمۇ قازا بولۇپ كەتكەنىدى. قېرىشقاندەك زاۋۇتتىن تاكى شەھەرگە كىرگۈچە بولغان يولدا بىرەر ھارۋا ياكى ئات - ئۇلاغمۇ ئۇچرىمىدى... ھۆسەن باينى تۇيۇقسىز خورلۇقتىن كەلگەن يىغا تۇتتى.

«ئىست، نېمە ئۈچۈن بىز مۇنداق پىشكەل تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇپ قالغاندىمىز؟ بىز تەرەققىي قىلمىساق، پۇل تاپقىنىمىز بىلەنمۇ خورلىنىشتىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز.»

ھۆسەن باي ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلىيالماي ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ياتاق ئىچىدە خۇددى قەپەسكە سولاپ قويغان قاپلاندەك، توختىماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ چىقتى. ئاندىن لۆم - لۆم ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ چۆكۈپ ئولتۇردى - دە، دۈگىلەك ساقىلىنى قاماللىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى.

ھۆسەن باينىڭ چەت ئەللەردە تارتقان خورلۇقلىرى يالغۇز شۇلا ئەمەس ئىدى. بىر نەچچە قېتىم شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا ئالغان پايدىسىنى تارتقۇزۇپ قويدى. بىر نەچچە قېتىم ئاچچىققان ماللىرىنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مۇسادىرە قىلىنىۋالدى. بىر نەچچە قېتىم جەرىمانىمۇ تۆلىدى. ھەتتا، ئۈچ كۈن سولىنىپمۇ قالدى. مانا ئەمدى

ئۆز ئالدىغا بىر زاۋۇت قۇرۇش نىيىتىگە كېلىۋىدى، بۇنىڭدىنمۇ ماڭدام - ماڭدامدا توسقۇنلۇق، خورلۇقلارغا يولۇقۇشتىن قۇتۇلالمىدى.

— بۇ قېرى زاۋۇت قۇرامدىكەن، تېخى مۇشۇنداق زاۋۇت قۇرماقچىمىكەن، — ھۇسەن باي تەرجىمان بىلەن ئىتالىيىدىكى بىر ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنى ئۈچ كۈن تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاشۇنداق بىر زاۋۇت قۇرۇش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقان ھەمدە مىڭ بىر جاپالار بىلەن شۇ زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلەشكەندى. ئۇ تېخنىك ئۇستىگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن، پۇشقىقى بىلەن ئۇستى بىر تۇتاش ئىشچىلار ئىشتىنى كىيىپ ئۇنىڭ تاسمىسىنى دۈمبىسىدىن ئالماشتۇرۇپ ئارتىلدۇرۇۋالغان يوغان باش، يوغان بۇرۇن، قاپىقى سېلىق قىرىق بەش ياشلاردىكى كىشى ئىدى. ئۇ ھۇسەن باينى ئۇيەر - بۇيەرگە تۇرمەكلەنگەن قەغەزلەر قويۇلغان، تۇرلۇك سخېمىلار سىزىلغان، رەڭلىك، سىدام قەغەزلەر يېپىلغان ئۇستەل بار، خۇددى زالدەك بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئەھۋالنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى تېخنىك ھېچ ھېيىقماستىنلا ھۇسەن باينى كۆرسىتىپ تەرجىماندىن ئاشۇنداق دەپ سورىدى.

— شۇنداق، بۇ ئادەم كاتتا باي. زاۋۇت قۇرۇشقا مەبلىغى يېتىپ ئاشىدۇ. سىلەرنىمۇ ياخشى رازى قىلىدۇ، — تەرجىمان ھۇسەن باي بىلەن بىرگە تەرەپ - تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ نىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىۋالغانىدى.

— كاتتا باي بولسا بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ماللىرىنى



ئالسۇن، يېڭىدىن بۇيرۇتسىمۇ بولىدۇ. قانچىلىك زاكاز قىلسا شۇنچىلىك ئىشلەپ بېرىمىز، — دېدى باش تېخنىك ئۇستەل ئۇستىدىكى قەغەزلەرنى ئۇياق - بۇياققا سۈرۈپ.

— زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىشىڭ. قانچىلىك كەتسە مەيلى، مۇشۇنداق زاۋۇتنى قۇرۇپ بەرسۇن، مەن سورىغىنىنى بېرىمەن، — دېدى ھۇسەن باي تەرجىماننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەتئىي قىلىپ.

— سىلەر بىزنىڭ ماللىرىمىزنى ئالماسىلەر؟ ئۇنداق بولسا كەچۈرۈڭلار، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، — دېدى باش تېخنىك ئورنىدىن تۇرۇپ، — زاۋۇت قۇرۇش ھۆكۈمەت بىلەن ھۆكۈمەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت كېلىشكەندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىش، سىلەر قايسى ھۆكۈمەتنىڭ، قايسى دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى؟ زاۋۇت دېگەن ئۇياق - بۇياققا يۆتكەپ ساتىدىغان مال ئەمەس. بۇ دېگەن بىر تېخنىكا، بۇ دېگەن بىر سانائەت، ئۇ دېگەن بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. كىم جىق پۇل بەرسە، شۇنىڭغا سېتىۋېتىدىغان نەرسە ئەمەس،

باش تېخنىك ئۇنىڭغىچە ئىشخانىدىن سىرتقا چىقىپ بولغانىدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە سۆزلىگەچ ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىپ قولۇپلىدى، ئاندىن زاۋۇتنىڭ پۈتكۈل قورۇسى ھەم بىنالىرىنى ئىككى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ زاۋۇتنى بىز يىگىرمە يىلدا قۇرۇپ چىققان. سىلەر ئەمەس، سىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلار ھەم دۆلىتىڭلارمۇ بۇ زاۋۇتنى يەنە ئەللىك يىلدىمۇ قۇرالمايدۇ، — دېدى - دە، «خوش» مۇ دەپ قويماي بۇرۇلۇپلا يوغان - يوغان

چامداپ كېتىپ قالدى. . .

ھوسەن باينىڭ خىيالىي ئۈزۈلدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى، ئۇچلۇق ئۆگزىلىك ياغاچ ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىققان ئىسلار خۇددى ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ يايلىلىرىدەك ئۆگزىلەرنى بويلاپ ئاللىقاياقلارغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شەھەر تېخى ئويغانمىغانىدى، دېرىزىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن سالقىن، نەمخۇش كۈز ھاۋاسى بىلەن تەڭ ئاللىقاياقلاردا ۋارقىرىغان گۇدۇك ئاۋازى كىرىپ كەلدى. «بۇ ھېلىقى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ گۇدۇكى» ئىچى ئېچىشقان ھالدا پىچىرلىدى ھوسەن باي، ئاندىن يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە قانچە قېتىم دېرىزە ئالدىغا بارغىنىنى، قانچە قېتىم دېرىزىنى ئاچقىنىنى، قانچە قېتىم كېلىپ ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى ئاڭسىز تەكرارلايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېڭىدا: «ئەقىدەم بىكار كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەجرىم بىكار كېتىدىغان ئوخشايدۇ، مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا ياشلىقىمدا كىرىشمىگەندىمەن» دېگەن ھەسرەت - پىغان ھەم ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئازاب كېزەتتى. ئاشۇ ھەسرەت، ئاشۇ پىغان، ئاشۇ ئۈمىدسىزلىك ئۇنى كىچىچە كىرپىك قاقتۇرمىغانىدى. بۇنداق ھالەت ئۇنى يەنە قاچانغىچە ئازابلايدىغانلىقىنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيتتى.



# راست گەپ ۋە راست ئىشلار

— ھۇ دەييۇزلەر، ھۇ ئىنساپسىزلار، مەندىن شۇنچە پۇل ئېلىپ يەنە جەرىمانە ئالامسىلەر؟ مېنىڭ تاپقان پايدام قېنى، پايدام قېنى دەيمەن؟ خۇدايىم جاجاڭنى بېرىدۇ، خۇدا. . .

— بالىلىرىم، بالىلىرىم بۇياققا كېلىڭلار، بۇياققا كېلىڭلار. مەن سىلەرگە ئېيتاي، سىلەر پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، بىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار، سانائەت ئىگىلەڭلار، سانائەت. . . زاۋۇت بىلىم بىلەن قۇرۇلىدىكەن، بىلىم بىلەن . . . مەيلى، چېكىسىگە تاڭسۇن، چېكىسىگە تاڭسۇن ئۇ زاۋۇتنى. . . بولدى مەن قۇرمايمەن، كېتىمەن. بۇنداق ناسارالارنىڭ، كۇپارلارنىڭ يۇرتىدا تۇرمايمەن. . . تۇرمايمەن دېدىم تۇرمايمەن. . .

ھوسەن باي ئاپئاق يوتقانلار بىلەن چۈمكەلگەن كارىۋاتتا توختىماي يۆلقىنىۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇنداق بىر ھازا جۆيلىگەندىن كېيىن ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەندەك جىمىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سارغايغان يۈز - كۆزلىرى خالتىلاشقان بولۇپ، خۇددى بىلىق تورىدەك چوڭقۇر قورۇقلىرى پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر بىلەن تولغانىدى. گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى سۇس تىترەيتتى.

— ئۆتكۈر كېزىك بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى باشتىن بويىغا ئاپئاق كىيىنىپ، كۆزىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ

ئىڭىكىگىچە ئوراپ تۇرىدىغان قېلىن ئاق ماسكا تارتىۋالغان دوختۇر، كېسەلنىڭ بېشىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان تەرجىمانغا.

— نېمە؟ — دوختۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ سۆزلىگەندەك چىققان، گۇڭۇلدىغان ئاۋازىدىن نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالماي قايتا سورىدى زەيناۋۇدۇن.

— كېزىك، ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېزىك، ساقايمايدۇ، ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، — دوختۇر پارقىراپ تۇرغان كۆز ئەينىكىنىڭ ئارقىسىدىكى جىددىيلىشىپ كەتكەن كۆزىنى زەيناۋۇدۇنغا مىقتەك قاداپ قەتئىي ئېيتتى ـ دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. زەيناۋۇدۇن گېرمانلارنىڭ كېزىكنى ۋابادەك دەھشەتلىك كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. زەيناۋۇدۇن بىر پەس ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدى، ئاندىن ئىچىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزەپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ھۇسەن باينىڭ جۆيلۈشى توختاپ بىر پەس ئارام ئالغاندەك بولدى ھەم كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى. زەيناۋۇدۇنغا قانداقتۇر بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى پىلىلدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھېلىلا دوختۇرنىڭ قىلغان زەردىلىك گېپىدىن پەيدا بولغان غەزەپنى ئۇنتۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، كارىۋات بېشىغا قويۇلغان ئەينەك قاچىدىن ئىستاكانغا مۇزدەك سۇ قويۇپ ھۇسەن باينىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا تۇتتى. ھۇسەن باي ئاغزىغا تەككەن ئىستاكاندىن بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى، ئاندىن بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئېچىلمىغان، ئېچىلسىمۇ ئادەمنى تونۇماي ئاللىقاياقلارغا دەھشەتلىك قاراپ



پارقىراپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى.

— خۇداغا شۈكرى، ئاخىر كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز، ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، ئەمدى ساقايدىڭىز دېگەن شۇ، خۇدا بۇيرۇسا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز.

ھۇسان باي تېخى ھېچنېمىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى. ئۇ ئۆزى ياتقان كارىۋاتقا، ئاپئاق يوتقانلارغا، تاملىرى، تورۇسلىرى، كارىۋاتلىرى ھەتتا ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىمۇ ئاپئاق بولغان بۇ ئۆيگە، شۇنداقلا كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئاپئاق خالات، ئاق بۆك كىيىپ ئۆزىگە قادىلىپ ئولتۇرغان كىشىگە ھەيران بولۇپ قارايتتى.

— مەن نېمە بولدۇم؟ بۇ قەيەر؟ سىز كىم؟

— تونۇمىدىڭىزمۇ؟ بۇ مەن. سىز بىلەن ئۈچ ئايدىن بېرى بىللە بولۇۋاتقان تەرجىمان، — زەيناۋۇدۇن شۇنداق دېدى ـ دە، بېشىدىكى ئاق بۆكنى ئېلىۋەتتى ۋە ئاق خالاتنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ ئىچىدىكى كىيىملىرىنى ھۇسەن بايغا كۆرسەتتى. شۇندىلا ھۇسەن باينىڭ چىرايىغا ھارغىن كۈلكە يۈگۈردى، ئاندىن زەيناۋۇدۇن ئالدىراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، — سىز ئاغرىپ قالدىڭىز، ياتىقىڭىزغا بارسام سىز ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ جۆيلۈپ يېتىپسىز، سىزنى ئۆيگە ئەكېلىپ كۈتتۈم، بولمىدى، ئاخىر مۇشۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدىم.

— توغرا، ئېسىمگە كەلدى، — دېدى ھۇسەن باي، — قايسى كۈنى ياتاقتا كۆڭلۈم ئاينىپ ھۆ بولغاندەك قىلىۋىدىم.

— سىز ھېچنېمە يېمىگەنگە توپتوغرا ئۈچ كۈن بولدى، سۇدىن باشقا نەرسە ئىچمىدىڭىز، ئەمدى تاماققا

كىرىشمىسىڭىز بولمايدۇ، زورلاپ بولسىمۇ بىر نەرسە يېگىنىڭىز ياخشى.

زەيناۋۇدۇن ھېلىلا ئەكەلدۈرگەن تېخى ھورى كەتمىگەن بىر جاۋۇر چۆچۈرىدىن بىر پىيالە ئۇسۇپ قوشۇق بىلەن ھۇسەن بايغا يېگۈزدى. مەززىلىك ھەم مايلىق قوي گۆشى چۆچۈرىسى ھۇسەن باينىڭ دىمىغىنى غىدىقلاپ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈردى. ئۇ بىر تال چۆچۈرىنى ئالدىرىماي چايناپ تەستە يۇتقاندا، تاماق يېيىشنىڭ قانچىلىك مۇشەققەتلىك ھەم تولىمۇ لەززەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

ھۇسەن باينىڭ نېمە كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلەلمىدى، دوختۇرمۇ ئېنىقلىيالمىدى. ئۇ قانداق تۈيۇقسىز ئاغرىغان بولسا، ئىككى ھەپتە يېتىپ شۇنداق تۈيۇقسىز ساقىيىپ كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەن كۈنى كەچتىلا زەيناۋۇدۇن ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ ئۆي تامىقى بىلەن كۈتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ دەزماللاپ تۇردى. زەيناۋۇدۇن بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەپلىك بولۇپ، ھۇسەن باي ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىدىن بەكمۇ ھەيران ھەم مىننەتدار بولۇۋاتاتتى.

— سىز تولىمۇ مېھرى - شەپقەتلىك ئادەم ئىكەنسىز، خۇدا سىزگە ئىككى دۇنيالىقىڭىزنى بەرگەي، — دېدى ھۇسەن باي زەيناۋۇدۇننىڭ قاتتىق تۇتۇۋېلىشلىرىغا قارىماي كېتىشكە تەرەددۇت قىلىپ، — ئۈچ ئايدىن بېرى سىز مەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدىڭىز، مەن بىلەن ئوخشاشلا جەبىر - جاپا تارتتىڭىز، بۇنىڭغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنىمۇ بىلمەيمەن.



— ھېچقىسى يوق، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، ھە توغرا، مەن سىزگە ئەمدى گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن پەقەت بىزنىڭ باشلىقنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنىلا ئورۇنلىدىم، — زەيناۋۇدۇن «بىزنىڭ باشلىقنىڭ» دېگەن گەپنى قىلغاندا ئادەتتىن تاشقىرى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ھۇسەن باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى.

— باشلىقنىڭ تاپشۇرغىنى دېدىڭىزما؟ قايسى باشلىق ئۇ؟

— ئۇنى سىز بىلىسىز. سىز موسكۋادا ئۆيىدە تۇرغان كىشى بىزنىڭ باشلىق بولىدۇ. ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە: «بۇ قېرىندىشىمىز بىز ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ، شۇڭا سەن بار ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بەر. گېرمانىيىدىكى ئىشى نەتىجىلىك بولغۇچە ئۇنىڭدىن ئايرىلما، ساق - سالامەت يولغا سېلىپ قوي» دەپ يازغان ئىكەن.

— ئۇ سىلەرنىڭ باشلىقما؟ — سورىدى ھۇسەن باي ئەجەبلىنىپ.

— ئۆز ۋاقتىدا ۋېلى باي يولداشۇف ئالمۇتا، يەركەتلەرگە بىر نەچچە زاۋۇت قۇرماقچى بولۇپ بىر نەچچەيلەننى ياۋروپا، ئەنگلىيىلەرگە ئەۋەتكەن. شۇ چاغدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدە بەش كىشى بار ئىدۇق، شۇ كىشى بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىدى. ئۇ قارىماققا ھېچنېمە بىلمەيدىغان ئادەتتىكى كىشىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ناھايىتى بىلىملىك، قەيسەر، قورقۇمسىز كىشى، ئۇ يەتتە سۇ گوبېرنىيىسىنىڭ گوبېرناتورى ۋېلى باي يولداشوفنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. شۇ چاغدىكى تەكشۈرۈشكە ئاشۇ باشچىلىق قىلغان، گېرمانىيە،

ئەنگلىيە ھەم ئىتالىيەدىكى شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزگەن. بىراق، چار پادىشاھ نىكولاي II ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئىشىمىزدىن قۇسۇر تېپىپ، زاۋۇت قۇرۇشىمىزغا يول قويمىدى. بىز زاۋۇت قۇرساق، سانائەتنى ئىگىلىسەك، چار ھۆكۈمىتىگە زور تەھدىت بولىدىغانلىقىنى ئۇلار پەملىگەن ـ دە. مانا ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، بىر نەچچە ئايدىن بېرى سىز ئاز جاپا تارتمىدىڭىز، ئەمما نەتىجىسى يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بىراق، ھېچقىسى يوق، بىزنىڭ باشلىقتىن تېلېگراما كەلدى. ئۇ ئەينى چاغدا بىز مىيۇنخىن كۆن ـ خۇرۇم شىركىتى ھەم ئۇسكۇنە شىركىتى بىلەن تۈزگەن توختامنامىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يەركەتكە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇسكۇنىلەرنى روسىيەدىن ئۆتكۈزۈشكە ياردەملىشىمەن، دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مۇنداق دەڭ، ئەگەر شۇنداق بولسا مەن سىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتاتتىم.

— بۇ بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىز. سىز ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈپ ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىپ كېتەلىسىڭىز، چوڭ بىر ئىش ئورۇنلانغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز قۇرماقچى بولغان زاۋۇتنى ئىلمىي ئاساستا دەلىللەيدىغان، گېرمانىيە قانۇنىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۆزى گېرمانىيە پۇقراسى بولغان بىر ئىشەنچلىك كىشى تېپىش كېرەك. مەن ھازىر شۇ كىشى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن.

— بۇ شۇنداق مۇرەككەپ ئىشما؟ — ھۇسەن باينىڭ ئاۋازىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.



— شۇنداق، مۇرەككەپ، — دېدى زەيناۋۇدۇن، — ئۇلارنىڭ قانۇنى يول قويمىسا، شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزگەن بىلەنمۇ چېگرادىن ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ.

ھۇسەن باينىڭ كۆڭلى مەيۈسلىككە تولدى. ئۇلار مەپگە چۈشۈپ مېھمانخانىنىڭ ئىجارىگە ئالغان ياتىقىغا كەلگۈچە ئىككىيلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ھەر ئىككىيلەن قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە ئويلىناتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ھۇسەن باي زەيناۋۇدۇننىڭ «راست گېپى» ھەم «راست ئىشلىرى» ھەققىدە ئويلىناتتى.

# گېرمانىيىدىكى تۇنجى كۆلكە

— ھۆسەن باي ھاجىم، ھۆسەن باي ھاجىم، — ئىشىك بوش تاقىلداش بىلەن ھۆسەن باينى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمما، يۇمشاق ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ كىرىپ كەتكەن پېتى لامپۇچكىنىمۇ ياقماي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ئولتۇرغان ھۆسەن باي بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمىدى.

— ھۆسەن باي ھاجىم، ھۆسەن باي ھاجىم!

— تاك، تاك، تاك!

ھۆسەن باي خۇددى بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ چېچىلغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىككە قۇلاق سالدى.

— ھۆسەن باي ھاجىم تۇردىڭىزمۇ، بىرسى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، — ئۆزىگە كەلگەن ھۆسەن باي بۇنىڭ زەيناۋۇدۇننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى - دە، لامپۇچكىنى يېقىپ قويغاندىن كېيىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. زەيناۋۇدۇن مەسە - كالاچلىرىغىچە كىيىنىپ ئولتۇرغان ھۆسەن باينى كۆرۈپ سەل ھەيران بولدى.

— كىمكەن ئۇ؟ بۇنداق سەھەردە مەن بىلەن كۆرۈشىدىغان؟ — سورىدى ھۆسەن باي، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەم ئەلپازىدىن خاپىلىقى تارقىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تېخنىك، ھېلىقى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ باش



تېخنىكى، — قولىنى كانايچە قىلىپ ھۆسەن باينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى زەيناۋۇدۇن، — مۇشۇ يەرگىلا كىرسۇنمۇ؟

ھۆسەن باي تېخىچە ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيۋاتاتتى. ئۇ ياتاقتا كىرىپ ئولتۇرغان، ۋۇجۇدىدىن ياشلىق غەيرىتى يوقالمىغان ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئاق يۇزلۇك، ئورۇق كەلگەن، ئاقتا مايىل سېرىق چاچلىرىنى پارقىرىتىپ كەينىگە تارىۋالغان بۇ كۆك كۆز ياشقا باشتىن - ئاياغ ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ چىقتى.

— بۇ ماكس ۋېگنېر، — دەپ تونۇشتۇردى زەيناۋۇ-دۇن، — ھېلىقى بىزنى قوغلىۋەتكەن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ باش تېخنىكى ئىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ مېنى مال زاكاز قىلسۇن دەپ كەپتىما؟ — تەنە بىلەن سورىدى ھۆسەن باي.

— ياق، ياق، ھۆسەن باي ھاجىم، — دېدى ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ زەيناۋۇدۇن، — ئۇ ئاخشام مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ئەگەر زاۋۇت قۇرساڭلار مەن ياردەملىشىمەن دەيدۇ، ئەتە كەل دېسەم بۈگۈن قاق سەھەردىلا كەپتۇ. بۇ يەردىن چىقىپ ئىشقا ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايدىكەن، شۇڭا ئۆزىڭىزنى سۆزلىشىپ باقامدىكىن دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم.

ھېلىقى گېرمان باش تېخنىك بۇ ئىككى كىشىگە خۇددى گاس - گاچىلاردەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ گەپلىرىگە قۇلاق سالاتتى.

— ئۇ قاچاندىن بېرى ئاشۇ زاۋۇتتا ئىشلەۋېتىپتۇ، — سورىدى ھۆسەن باي. زەيناۋۇدۇن ھۆسەن باينىڭ گېپىنى

ماكس ۋېگنېرغا ئۆرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن پاراڭ باشلاندى.

ماكس ۋېگنېر بېرلىن سانائەت تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ «مىيۇنخىن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى» غا ئىشقا كىرگەندە يىگىرمە ئىككى ياشتا بولۇپ، ئون بەش يىلدىن بېرى شۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ زاۋۇتقا كىرگەن دەسلەپكى يىللىرى تېرە چۇشۇرۇپ يۇرگەنىدى. ئاندىن تېرە ئاشلاش، يۇڭ ئايرىش، تازىلاش، پىششىقلاش، پەردازلاش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ، مال زاكاز قىلىش، شىركەتلەرگە مال يوللاش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئىشلىگەنىدى. زاۋۇتنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۇسكۇنىلىرىنى يېڭىلاش ھەمدە شۆبە زاۋۇتلارنى قۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، توك، سۇ، ياتاق، مەدەنيي مەشغۇلات ئۆيلىرىگىچە بولغان ھەممە ئىش ھالقىلىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىگىمۇ تۆت - بەش يىل بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇملارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئاياغ كىيىم قىلىپ ئىشلەش ياكى بىر ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇرۇش تەكلىپى قوبۇل قىلىنماي ۋاتاتتى. ئۇ يەنە تېخى زاۋۇتتا گېنېراتور ئورنىتىپ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش راسا ئالدىراش پەيتلەرگە كەلگەندە توك توختىتىۋېلىپ زاۋۇتقا بېسىم قىلىدىغان، توك ھەققىنى ئۆستۈرۈۋالىدىغان قىلىقلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلۇش تەكلىپىنىمۇ بەرگەنىدى. ماكس ۋېگنېرنىڭ سۆزلىرىدىن خېلىلا ئۇمىدلىنىپ قالغان ھۇسەن باي يەنىمۇ ئېنىقراق



بىلىۋېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، تەمكىنلىك بىلەن سورىدى.

— ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى ھۆددە قىلالايدىغانلار بارمۇ؟

— بار. بىراق، بىرلا ۋاقىتتا ھەم كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ھەم ئاياغ كىيىم زاۋۇتى ھەم ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئۈچۈن جىق مەبلەغ، جىق ۋاقىت كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توك ئىشلىتىدىغان يېتەرلىك ئىستېمالچىلار بولمىسا، نۇرغۇن توك زايە بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ماكس.

— بىزنىڭ ئۇ يەردە ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق، قانچىلىك مەبلەغ كەتسە كەتسۇن، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرماي تۇرۇپ كۆن - خۇرۇم، ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇرغىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ. شۇڭا، ئۈچ زاۋۇتنى بىراقلا قۇرساق دەيمەن.

— مېنىڭ مۇنداق بىر ئويۇم بار، — دېدى ماكس ۋېگنېر ھۇسەن باينىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، — يىلىغا بىر نەچچە مىڭ تېرە ئىشلەپچىقىرىدىغان كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى بىلەن ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغا ئايرىم بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭغا ئىككى گېنېراتور ئورناتسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان توك بىلەن بۇ ئىككى زاۋۇتنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

— گېنېراتور دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بىلەن ئىككى

زاۋۇتنى قانداق ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ — سورىدى ھۆسەن باي چۈشەنمەي.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، — دېدى ماكس ۋېگنېر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ئىستاكان بىلەن بىر چاقماق قەنتنى ئېلىپ ئۇستەلگە تىزىپ تۇرۇپ، — گېنېراتور دېگەن كىچىك تىپتىكى بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى. ئۇ ئاشۇ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى بىلەن ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغا كېرەكلىك توك ئىشلەپ چىقىرىدۇ. مانا مۇنۇنى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، مۇنۇنى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى دېسەك، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئىككى ئىستاكاننى كۆرسىتىپ، — مانا مۇنۇ گېنېراتور يەنى شۇ زاۋۇتنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇ مانا مۇنۇ يەرگە ئورنىتىلىدۇ، — ماكس بىر چاقماق قەنتنى ئىككى ئىستاكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى.

— شۇنداق ئاددىيما؟ — سورىدى ھۆسەن باي.

— شۇنداق ئاددىي، — دېدى ماكس.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ مەقسىتىم ھەل بولىدىغۇ، ھەممىنى قۇرۇپ پۈتكۈزۈپ بولدۇققۇ! — ھۆسەن باينىڭ گېپىدىن ماكسمۇ، زەيناۋۇدۇنمۇ كۈلۈپ كەتتى. ھۆسەن باينىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى.

— مانا مۇنۇ مېنىڭ زاكالىتىم، — دېدى ھۆسەن باي قوينىدىن يۈز فرانكنى چىقىرىپ زەيناۋۇدۇنغا بېرىپ، — ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئۇ ھازىر دېگەنلىرىنى بىر ھەپتە ئىچىدە دەپتەرگە قوندۇرۇپ، خەرىتە قىلىپ ئېلىپ كەلسۇن. چوڭ تېرىدىن ئەللىك مىڭنى خۇرۇم قىلالايدىغان، يۈز مىڭ پارە ئاياغ ئىشلىيەلەيدىغان زاۋۇت ھەم ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ



شۇ زاۋۇت ئىچىگە قۇرۇلىدىغان بولسۇن، — تولۇقلىدى ھۆسەن باي.

— بۇ كۆك كۆز لاپ ئۇرۇۋاتمايدىغاندۇ؟ — ھۆسەن باي ماكس ۋېگنېرنى ئۇزىتىۋېتىپ، ناشتىغا ئولتۇرغاندا سورىدى زەيناۋۇدۇندىن، — ئەجەب مەن ئۇ زاۋۇتتا ئۇنداق بىر كىشىنى كۆرگەندەك قىلمىغانىدىم.

— مەن كۆرگەن، — دېدى زەيناۋۇدۇن، — سىز زاۋۇتقا بارسىڭىز ئۇنىڭ سېخلىرى، ماللىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىدىكەنسىز، ئادەملىرىگە ئانچە دىققەت قىلمايدىكەنسىز، سىز ئىستانوكتىن چىققان قىزىل، ئاق خۇرۇملارنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ تۇرغاندا، ئۇ دىرېكتورغا بىر نەچچە خىل ئەۋرىشكىلەرنى ئەكېلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ بىزنىڭ نېمىگە بارغانلىقىمىزنى شۇ باشلىقىدىن ئاڭلاپتۇ.

— كىم بىلسۇن بۇلارنى، — دېدى ھۆسەن باي، — بىزدە خۇددى ئېشەكنى تونۇغىلى بولمىغاندەك، مەنمۇ بۇلارنىڭ چىرايىنى زادىلا پەرق ئېتەلمەيمەن، ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوخشاشلا كۆرۈنىدۇ. . .

— ھاھ . . . ھا. . . ھا، — قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى زەيناۋۇدۇن.

— ھى. . . ھى. . . ھى، — دۈگىلەك ساقىلىنى سىلاپ كۈلۈپ كەتتى ھۆسەن باي، بۇ ھۆسەن باينىڭ ھەرەمدىن گېرمانىيىگە كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى كۈلكىسى ئىدى.

# يەتتەسۇ گوبېرنىيىسىدىكى يىغىن

ئەتراپى ئاپئاق ھەم قېلىن قار بىلەن قاپلانغان بىر چوڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاستى قارا، ئۈستى ئاق ئاقارتىلغان ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ئۇچلۇق ئۆگزىسى، تۆت بۇلۇڭىدىن يەرگىچە تۇتاشتۇرۇلغان قاڭالتىر نولىرى قىشنىڭ ئاز كۆرۈلىدىغان ھەم قىسقا قۇياشىنىڭ نۇرىدا پارقىراپ كۆكۈش شولا چاچاتتى. قارلىرى كۈرەپ ئېچىلغان خېلىلا كەڭ يول قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن تاكى بىنانىڭ شىپاڭلىق ئىشىكىگىچە سوزۇلغانىدى. دەرۋازىنىڭ خۇددى بىنانىڭ ئۆگزىسىدەك قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان كەڭ، ئۇچلۇق لەمپىسى ئاستىدا بىر نەچچە كۆك كەپتەر گۇگۇلدىشىۋاتاتتى. ئۇزۇن مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئاسقان، پۇتىغا پىيما، ئۈستىگە ئۇزۇن يۇڭلۇق جۇۋا، بېشىغا پاپاخ كىيگەن قاراۋۇل دەرۋازىدىن سەل نېرىدىكى چوڭ يولدىن ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كالاسكىلار، پەيتونلار، ئۆكۈز ھارۋىلار، ئاتلىقلار، پىيادىلەرگە ھەم ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئۆگزىسى تەكشى پاكار ئۆيلەرگە نەزەر تاشلايتتى ـ دە، كۆزىنى يەنە لەمپىدىكى كەپتەرلەرگە يۆتكەيتتى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇ ئەتراپتىكى ھەممىدىن سۈرلۈك بۇ قورۇغا تولىمۇ ئەيمىنىش ھەم قىزىقسىنىش بىلەن ئۇزاققىچە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالاتتى.



ئۇلارنىڭ ئەتراپى خىش تاملار بىلەن ئېگىز قورشالغان، ئىچى قارىياغاچلىق، ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ ئەتراپتىكى ھەممىدىن ئېگىز، چىرايلىق ھەم ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، شۇنداقلا قوراللىق قاراۋۇللار بىلەن قوغدىلىدىغان بۇ بىناغا ئەيمىنىش نەزىرى بىلەن بېقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ بىنا پۈتكۈل يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ يۈرىكى ئىدى. ئۇنى «يەركەت گوبېرنىسى» دەپ ئاتايتتى. بۇ بىناغا قولىدا ئالاھىدە كىنىشكىسى بار كىشىلەرلا كىرەلەيتتى. بۇ بىنانىڭ سىرتى ناھايىتى جىم ـ جىتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئۆي پۈتكۈل يەركەت ۋىلايىتى ئەھلىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەشكىللەيدىغان، رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەر خىل ئىشخانىلار ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەردىكى ھەر بىر ئۆيدە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر پۈتكۈل يەركەت ۋىلايىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ بىنادا يەنە پۈتكۈل يەركەت گوبېرنىسىنىڭ گوبېرناتورى ۋېلى باي يولداشوفنىڭ خىزمەت كابىنېتىمۇ بار ئىدى.

بۈگۈن خىزمەت كۈنى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر نەچچە پەيتون، كالاسكا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا جۇۋىغا ئورالغان ھارۋىكەشلەر كۈلتۈك قارلارنى كېچىپ بىر نېمىلەرنى قىلىشاتتى. شاخلىرى قارغا چۆمكەلگەن، غوللىرى قايناپ چىققان قېرى قارىياغاچلارغا ئېگەرلەنگەن بىر نەچچە ئات باغلانغانىدى. بىنانىڭ كەڭ، يورۇق، پاكىز ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە بىر نەچچە ئادەم چوڭ بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر

ئادەمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توختاۋسىز خاتىرىلەيتتى.

— مەن سىلەرگە بىر خەۋەرنى، يەنى ئالاھىدە بىر زور خەۋەرنى يەتكۈزىمەن، — سۆزلەۋاتقان كىشى ئۈستەلدىكى خۇرۇم سومكىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، ئۇنىڭدىكى خەتلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ھەممە كىشىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئالاھىدە خەۋەر شۇكى، بىزنىڭ «مەركىزىي قۇتۇلۇش ئۇيۇشما»مىز قۇرۇلدى! ـ ئۇ گەپلەرنى دېگەندە ئۇنىڭ قارچىغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق ئۇچقۇن چاقنىغاندەك بولدى، ئورۇق مەڭزىلىرىگە قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ بېغىررەك دۇخاۋا بۆكىنى ئوڭ قولى بىلەن كەينىگە سەل سۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى قەغەزنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

— يەركەت گوبېرنىيىسىدىن يەركەت پۇقرالىرىغا!

پۈتكۈل يەركەت پۇقرالىرىنى نادانلىق، ئوقۇشسىزلىق، قاششاقلىق ھەم چۈۋالچاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇلارنى يېڭىچە تۇرمۇشقا باشلاش ئۈچۈن، جانابى گوبېرناتور ۋېلى باي يولداشوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گوبېرنىيە كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، «مەركىزىي قۇتۇلۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى ھەم مۇنۇلار قارار قىلىندى.

1. گوبېرنىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلىرى ھەم شەھەرلىرىدە تېزدىن «شۆبە قۇتۇلۇش ئۇيۇشمىسى» تەشكىل ئېتىلسۇن.

2. بۇ شۆبە ئۇيۇشمىلار مەكتەپ يېشىدىكىلەرنى مەكتەپلەرگە، چوڭلارنى كەچ كۇرسلارغا يىغىپ ئاقارتىش



ئىشلىرىنى يولغا قويسۇن.

3. بۇ ئۇيۇشمىلار مەكتەپ قۇرۇش ئىمكانىيىتى بارلىكى جايدا مەكتەپلەرنى قۇرسۇن، مەكتەپ قۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق جايلاردا، شۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى قورۇ ـ جايلارنى مەكتەپ ھەم كەچ كۇرس ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ ئالسۇن.

4. بۇ پەرماننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئايدا بىر قېتىم، يەركەت شەھىرى گوبېرنىيە «مەركىزى قۇتۇلۇش ئۇيۇشمىسى» غا مەلۇم قىلىنسۇن.

يىغىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان ھېلىقى كىشى پەرماننى ئوقۇپ بولۇپ باش كۆتۈرمەي خاتىرىلەۋاتقانلارغا خېلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا سورىغان سوئاللىرىغا ئاساسەن پەرماننى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ بەردى. ئاندىن يېنىك ھەرىكەت بىلەن ياغاچ ئورۇندۇقنى ئاستىغا سۈرۈپ ئولتۇردى، بۇ كىشى ۋېلى باي يولداشوفنىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى ئەينىددىن ئەمىردىن ئىدى. تېخى يېقىندىلا ۋېلى باي يولداشوف بۇ خادىمنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنى موسكۋادىن قايتۇرۇپ كېلىپ، گوبېرنىيىنىڭ «مەركىزىي قۇتۇلۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلىگەنىدى.

— بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئۇيۇشمىمىزغا ھەم تەشكىلىمىزگە ئىگە بوپتۇق، ئەمدى خەلقىمىزنى ئاشكارا ھەم ئەركىن ئۇيۇشتۇرالايدىكەنمىز، — دېدى چىرايىدىن غەيرەت، شىجائەت چىقىپ تۇرغان، قاپقارا بۇرۇتىنى ئىنچىكە قىلىپ ياساتقان، چىرايلىق قۇلاقچا كىيگەن ياش كىشى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدە پاراڭ ئەۋج ئالدى. ھەممىسى بۇ ئىشتىن خۇشال ئىدى. دەرھال ئىشقا كىرىشىدىغانلىقى ھەققىدە، قانداق ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا، ھەتتا مەكتەپنى قايسى قىشلاقتا قۇرىدىغانلىقى، بىر نەچچە يىلغا قالمايلا ئۇ يەردىن خېلىلا كۆپ كىشىلەرنى ساۋاتلىق قىلىپ چىقىدىغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنى قاشاقلىق، چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتكۈل ياشلارنى ئۇيۇشمىغا قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بەس - بەس بىلەن سۆزلىشەتتى.

— بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، — دېدى ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئىش - ھەرىكىتى تەمكىن، ئۇزايىدىن ئۆز جايىدا خېلى چوڭ خىزمەت قىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرغان، ئۆرە ياقىلىق ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كەڭ، پارقىراق كەمەر باغلىغان كىشى، — ئالمۇتا، يەركەتلەردە زاۋۇت قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى خېلىلا بۇرۇن ئىشلىۋىدۇق، ھازىرغىچە جىملا تۇرۇۋدا؟ — دېدى ھېلىقى كىشى يىغىن رەئىسىگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ. ھەممە بىردىنلا يەنە جىم بولۇپ كەتتى. ئۇلارمۇ بۇ سوئالغا ناھايىتى قىزىققانىدى. چۈنكى، بۇ ئولتۇرغانلار يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەمەلدارلار بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇلارمۇ ئاشۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، زاۋۇت قۇرۇش پىلانىنىڭ قايتا كۈنتەرتىپكە قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ گەپتىن كېيىن يىغىن رەئىسىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقى يوقاپ، كەيپى بىر ئاز ئۆچتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ھەقتە جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى.



— گەپىنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتسام، بىزنىڭ زاۋۇت قۇرۇش پىلانىمىزنى بۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز، ئەمما باشقا يەردە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قەيەردە؟

— باشقا يەنە قەيەر بار؟

يىغىن رەئىسى «جىم» دېگەندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى، ئاندىن ناھايىتى بوش ئاۋاز بىلەن تولىمۇ سىرلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز غۇلجىدا چوڭ بىر زاۋۇت قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ زاۋۇت قۇرۇلۇپ قالسا ئۆزىمىزنىڭ ئىشچىلار قوشۇنى يېتىلىشكە باشلايدۇ دېگەن سۆز. بىراق، بۇ ھازىرچە بىر سىر، چۈنكى بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، خۇددى بىزنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىمىزغا يول قويمىغاندەك، ئۇلارغىمۇ كاشىلا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، مۇبادا ئۇلارنىڭ توختامى ئىشقا ئېشىپ قالسا، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى روسىيە ھەم يەتتەسۇ تەۋەسىدىن توشۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ توسالغۇسىز يۆتكىلىشىگە قاتتىق يار - يۆلەك بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بىز قىلالمىغان ئىشلارغا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ، بىز ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان پىدا قىلىۋاتىدۇ! — يىغىن رەئىسىنىڭ بۇ سۆزى گوبىرنىنىڭ پەرمانىدىنمۇ بەتتەر ئالاھىدە يېڭى خەۋەر بولدى. شۇنداقلا ئۇ يىغىن ئەھلىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇلار ئىلىدىكى ھۈسەن باينىڭ زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇرۇنۇشلىرى، تارتقان كۆڭۈلسىزلىكلى-

رى، خورلۇقلىرىنى ئاڭلاپ ئالللىكىملەرگە قاتتىق غەزەپلەندى، نەپرەتلەندى.

— غۇلجىدا زاۋۇت قۇرۇلدى دېگەن سۆز، بىزدە زاۋۇت قۇرۇلدى دېگەن سۆز، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشچىلىرى قوشۇن - قوشۇن بولۇپ يېتىلىپ چىقسا، بىزنىڭ قوشۇنىمىز تۇغۇلدى دېگەن سۆز، - يىغىن رەئىسى كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىدىن ئىلھاملىنىپ، بۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لازىم تاپقان بولسا كېرەك، يەنە ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇڭا بىز گوبىرنىنىڭ پەرمانىدىن پايدىلىنىپ يەتتەسۇدىكى پۇقرالىرىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، ئۇلارنى مەدەنىيەتكە باشلىشىمىز، ئۇيۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسىمىز ئۆز ئورنىمىزدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، بار كۈچىمىز بىلەن قېرىندىشىمىز ھۈسەن باينىڭ غۇلجىدا سانائەتلەشكەن ئەللەردىكىگە ئوخشاش بىر زاۋۇت قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن، قەتئىي ئىككىلەنمەي ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ خەلقىمىزنى قاششاقلىقتىن، چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئۇيۇشما، مەدەنىيەت، ھۈنەر - سانائەت ھەم ئىلغارلىققا باشلايدىغان مۇھىم تەشكىلات. ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرىدىغان زور مەيدان...



# تۈنجى ئىش تەقسىماتى

تۈن كېچە. تالادا جاڭىلداپ تۇرغان قىش تېخىچە چىرىغى ئۆچمەي تۇرغان يوغان دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى قېلىن مۇز بىلەن قاپلىۋەتكەچكە، سىرتتىن ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يوغان تۆت چاسا ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان لەمپىلىك كىرسىن لامپىسى ئۈستەلدىكى داستىخاننىڭ ئۈستىدىكى ئىككى پىيالە سىنچاي، ۋازىلارغا تىزىلغان تاتلىق - تۈرۈملارنى ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدا ئوچۇق قويۇلغان كىچىككىنە قويۇن دەپتىرىنى، كانايدەك يۆگىلىپ قالغان ئۈچ يۆگەم قەغەزنى ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىدە ئىككى بېقىنىغا ماموق ياستۇقلارنى تىرەۋالغان، بېشىغا ئاق بۆك، ئۈچىسىغا ئاق كۆڭلەك، چىپەرقۇت ئىشتان، پۇتىغا مەسە كىيگەن دۆگىلەك ساقاللىق ۋىجىكرەك كەلگەن بىر كىشى، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، گوڭگا يورۇپ تۇرغان تۈرۈسنىڭ تاختايلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقاندەك تورۇسقا ئۈن - تىنسىز قاراپ ياتاتتى.

ئۈستەلنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە قىسقا قارا ساقاللىق، قارا قاشلىق، قاڭشا بۇرۇن، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ ھەرىكىتى چەبدەس، كۆزى ئۆتكۈر، ھەر بىر نەرسىگە زەن سېلىپ قارايدىغان، ھەر بىر گەپكە ناھايىتى

سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالىدىغان بىر كىشى ئاستىغا سېلىنغان قېلىن كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، تۇرۇپلا قولىنى سوزۇپ ھېلىقى يۆگەم قەغەزلەرنى ئالاتتى - دە، ئېچىپ بىر ھازا قاراپ چىقىپ ئاندىن يەنە نېرىغا سۇرۇپ قوياتتى. تۇرۇپلا ئۈستەلدىكى كىچىككىنە قويۇن دەپتەرنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدىكى ئىلمەك - ئىلمەك يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ كۆرەتتى.

ئۇلارنىڭ بىرى ھۇسەن باي، يەنە بىرى ھۇسەن باينىڭ ئىنىسى باۋۇدۇن باي ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنىغا خېلى بولغانىدى...

ھۇسەن باي ھەج پەرزىنى تۈگىتىپ، گېرمانىيىدە بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگىنىگىمۇ خېلى بولغانىدى. ئۇ كېلىپلا جەنۇبقا چۈشىدىغان ئېشەكچىلەردىن ئىنىسى باۋۇدۇن بايغا ئاتۇش ھەم قەشقەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ تېزدىن ئۆز يېنىغا چىقىشىنى تاپىلاپ خەت ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. كۈزنىڭ تازا ئالدىراش پەيتىدە ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى دەرھال بىلەلمىگەن باۋۇدۇن باي ئۇ يەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھەم تىجارەت ئىشلىرىدىن دەرھال قول ئۈزەلمەي بىر نەچچە ئاي ھايال بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا ھۇسەن باي: «ئۇ يەردىكى ئىشلارنى ئىنىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ دەرھال مېنىڭ يېنىمغا چىق. ئىنتايىن مۇھىم ئىش بار» دەپ قاتتىق بۇيرۇغاندىن كېيىن قىش كىرىپ قالغىنىغا قارىماي غۇلجىغا چىققانىدى.

— ئۇلارنى مالتىلاۋەرمەي ئۆزۈڭنىڭ قارىشىنى دەپ باقە، — ھۇسەن باي تورۇستىن كۆزىنى ئېلىپ، يوغان تام



سائەتنىڭ كېچە ئون ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇرغان يىڭنىسىگە «لەپ» قىلىپ قارىدى - دە، كۆزىنى باۋۇدۇن بايغا تىكىپ ياستۇققا جەينەكلىدى. ھۇسەن باينىڭ كەسكىن ئاۋازى باۋۇدۇن باينى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ دەرھال بىر نېمە دېيەلمەي قولىنى يەنە تۇرمەكلەنگەن قەغەزگە سۇندى، ئاندىن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ سخېمىلاردىن قارىغاندا، بۇنداق زاۋۇتنى قۇرۇش ئاسان ئەمەس. بۇنداق زاۋۇت ھازىرغىچە شاڭخەي، تيەنجىنلەردىمۇ تېخى قۇرۇلغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق تەئەللۇقاتىمىزنى بۇنىڭغا سېلىۋەتسەك، ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرەج تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. سەن بولساڭ ئاتمىشقا قاراپ كېتىۋاتىسەن، مەن بولسام ئەللىكتىن ئاشتىم. بۇ ئىشقا بالدۇرراق كىرىشمەپتىمىز...

— بولدى، بۇنداق گەپلىرىڭنى قوي، — گەپنى ئۈزدى ھۇسەن باي، — ئۇلارنى مەن كۆپ ئويلىدىم «ھېچ بولمىغاندا كەچ بولسىمۇ بولىدۇ» دېگەن بار... بىز ھەممە تاپقان تەرگىنىمىزنى تىكىپ بولسىمۇ، مۇشۇ زاۋۇتنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

باۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۇسەن باينىڭ بۇنداق قەتئىي نىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىنىپ شۈك بولۇپ قالدى. ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى.

— سەن كۆپ ئوقۇغان، جىق نەرسىلەرنى بىلىسەن، — دېدى ھۇسەن باي ئارىدىكى جىمىلىقنى بۇزۇپ باۋۇدۇن بايغا كۆزىنى تىككەن ھالدا، — بۇ ئىشنى يەنە

ئارقىغا سۈرسەك بولمايدۇ، چىن كۆڭۈل، چىن ئىخلاسىمىز بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشسەك، ئىنشائاللا خۇدا ئاسانلىقنى بېرىپ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمايدۇ، ئىشىمىزنى نىيەت ـ ئىقبالىمىزغا يارىشا يۈرۈشتۈرىدۇ.

— بۇ سانائەت ھەم تېخنىكىغا يەنى نازۇك تېخنىكىغا تاقىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق نەرسىنى ئاسانلىقچە بىزگە سېتىپ بەرمەيدۇ، — دېدى باۋۇدۇن باي ئۆز گۇمانىنى يەنىمۇ ئاشكارىلاپ.

— ھەببەللى، دەل شۇنداقكەن، — دېدى ھۇسەن باي بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ نامىدا قىلىش كېرەك ئىكەن. مەن قايتىپ كېلىپلا شۇ ئىشقا ماڭدىم، ئويلىمىغان يەردىن جاڭجۈن مەھكىمىسى بىزنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغان ھەتتا يېتىشەلمىگەن يەرلىرىمىزگە سەرمايە سالىدىغان بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بۇ باشقا گەپ، — دېدى باۋۇدۇن باي ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ، — ھۆكۈمەت قوللىسا، ئۇ چاغدا بۇ خېلى ئاسانغا توختايدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئۇ دۆلەتتىن بۇ دۆلەتكە ئۇسكۈنە توشۇش، تېخنىكا يۆتكەشتە بولىدىغان توسالغۇلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى ھۇسەن باي ماقۇللاپ، — ئىلگىرى يەركەت، ئالمۇتىدىكى تارانچىلارمۇ زاۋۇت قۇرۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ بېقىپتىكەن، ئۇلاردىن بىر نەچچە كىشىنى تاللاپ ياۋروپا، ئەنگلىيىلەرگىمۇ ئەۋەتكەنىكەن. بىراق، كېيىن چارپادىشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى



بىلەن ئۇ ئىشلىرى يوققا چىقىپتۇ. مەن ئاشۇ ئىشقا باشتىن ـ ئاخىر قول سالغان ئىككى تارانچى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇلارنىڭ بىرى موسكۋادا، بىرى مىيۇنخىندا. ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن بەكمۇ قىزىقتى. غۇلجىدا زاۋۇت قۇرۇلسىمۇ خۇددى بىز زاۋۇت قۇرغانغا ئوخشاش، بىز ھەممىمىز قان قېرىنداش دەپ بۆلەكچىلا پايپېتەك بولۇپ كەتتى. مىيۇنخىندىكىسى مەن بىلەن ئۈچ ئاي بىللە بولدى. ماڭا تەرجىمانلىق قىلدى ھەم ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى توختاملىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. نۇرغۇن ئەقىل ئۆگەتتى، ئۇنىڭ ئىسمى زەيناۋۇدۇن ئاخىرىدا مىيۇنخىندىكى چوڭ بىر شىركەتكە بەش يۈز مىڭ تىللا زاكالەت بېرىپ، ئاشۇ زەيناۋۇدۇننى مەسئۇللۇققا بەلگىلەپ قويدۇم. ئۇ مەن بارغۇچە ماكس ۋېگنېر دېگەن بىر تېخنىك بىلەن مۇشۇ قەغەزلەرگە قوندۇرۇلغان لايىھە بويىچە لازىمەتلىكلەرنى ياساش تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئوھوي، مۇنداق — دە، شۇڭلاشقا مېنى چاقىرتقان ئىكەنسەن ـ دە؟! مەقسىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. سەن مېنى بۇ يەردىكى ئىشلارغا كۆز — قۇلاق قىلىپ قويۇپ ئۆزۈڭ رەسمىي توختام تۈزگىلى بارىدىكەنسەن ـ دە! شۇنداقمۇ؟ — باۋۇدۇن باي ئۇستەلگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ ھۇسەن بايغا قاراپ دېدى.

— ياق، ياق، — دېدى ھۇسەن باي ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا ئۇياق ـ بۇياققا چايقاپ، — ئەمدى ئۇ يەردىكى ئىشلارنى پۈتكۈزۈشكە سېنى ئەۋەتمەكچىمەن.

— مېنى؟! — ئەجەبلەنگەن باۋۇدۇن باي ئۇستەلگە

تېخىمۇ قاتتىقراق تاپانغان ھالدا سورىدى.

— شۇنداق، سېنى ئەۋەتمەكچىمەن، ئۇ يەردە مەن ئالاقە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، ئادرېسلىرى مانا مۇشۇ دەپتەرگە پۈتۈكلۈك، — ھۇسەن باي ئۈستەلدىكى قويۇن دەپتەرنى ئالدى — دە، ئۇنى باۋۇدۇن بايغا ئۇزىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بوشقىنا تاشلاپ قويدى، — سەن ئۇ يەرگە بارغان ھامان زەيناۋۇدۇن بىلەن ماكس ۋېگنېرنى تاپ. قالغان ئىشلار ھەققىدە خەت ياكى تېلېگرامما ئارقىلىق ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇرغىن. مەن سېنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكى تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىمەن. خۇدا بۇيرۇسا ئۇزۇنغا قالماي، بىزنىڭ بۇ يېرىمىزدىمۇ زاۋۇتنىڭ گۇدۇكى ئاڭلىنىدۇ، ئۆيلەرگە لامپۇچكىلار يېقىلىدۇ، تېلېفونلار ئورنىتىلىدۇ. سانائەت، تېخنىكا، ياۋروپا مەدەنىيىتى دېگەنلەر بىزدىمۇ بولىدۇ...

باۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۇسەن باينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىكى زور ئۆزگىرىشنى پەقەت ئەمدىلا بايقىغاندەك بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ غەيرىتىنى قوزغاۋاتاتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزدۇرۇپ، يۈزىنى، قۇلاقلىرىنى قىپقىزىل قىلىۋەتكەنىدى...

چۈنكى، باۋۇدۇن باي ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئۆتكۈر زېھنى، بىر نەچچە خىل تىلنى بىلىدىغان ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئاكىسى ھۇسەن بايغا ئوبدان مەسلىھەت ھەم تەلىم بېرەتتى. مانا ئەمدى كېلىپ باۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۇسەن باينىڭ تەلىمىنى ئېلىۋاتاتتى. بىراق، ھۇسەن باي باۋۇدۇن



بايدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى قىلچە سەزمىدى. ئۇ ئەمدى دۆگىلەك چويۇن مەشىنىڭ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن بېقىنىغا، ئاندىن ئۇنىڭ ۋىژىلداپ يالقۇنجاپ تۇرغان ئاغزىدىكى تارتىمىسىغا چۈشۈۋاتقان ئۇششاق كۆمۈر چوغلىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مەشىنىڭ ئۈچ پۇتى دەسسەپ تۇرغان كەڭ تۆمۈر تاختىغا بىر پەس قاراپ تۇردى ـ دە، ئۈستەلنىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ، لامپىنىڭ پىلىكىنى سەل چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ قېتىم روسىيە، گېرمانىيە، ئەرەبىستان، ئىتالىيىلەردە تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆردۈم، ئىلگىرى ئۇچراتمىغان ئىشلارغا يولۇقتۇم. پۇل تاپتۇق دېگەن بىلەنلا بولمايدىكەن، مۇھىمى ئۇنى قانداق جايغا ئىشلىتىش، قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش تېخىمۇ مۇھىم ئىكەن، قارا قورساقلىقىم ماڭدام ـ ماڭدامدا مېنى قاتتىق ئەلەمگە قويدى، قولۇمدا يا ھۆكۈمەتنىڭ يارلىقى، يا چەت ئەلدە بىرەر شىركىتىم بولمىغاچقا، رەسمىي سورۇنلارغا زادىلا كىرەلمىدىم. رەسمىي ئىش باشلىرى مېنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى، تازا تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن چېغىمدا زەيناۋۇدۇن گېرمانىيىنىڭ تۆمۈر يول ئاسرايدىغان ئەڭ چوڭ بىر شىركىتى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىن شامنىڭ (ئىراق) باغدات شەھىرىگە بارىدىغان تۆمۈر يولىنى ياساشنى كېلىشكەنلىكىنى يەتكۈزدى ھەم ئامال قىلىپ ئاشۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىدىن سېتىۋېلىپ، شۇ شىركەتنىڭ پايچىكى بولسىڭىز ئىشلىرىڭىز ئاسانلىشىشى مۇمكىن، دېدى. ئۇنىڭغىچە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئۇنىڭ بارلىق ئىش — ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ

بولغاندىم. پەمىمچە ئۇ كۆپ ئوقۇغان، كۆپ ئىشلارنى قىلغان، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان ھەم لىللا كىشى ئىكەن، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا شۇ شىركەتنى ئىزدەپ تاپتۇق. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەن ئاشۇ شىركەتنىڭ تۆت يۈز مىڭ تىللالىق پاي چېكىنى سېتىۋالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ نەگە بارسام ئاشۇ شىركەتنىڭ پايچېكىلىك گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىپ قويسامىلا ئۇلار پەسكويغا چۈشىدىغان بولدى. بۇنداق چاغدا زەيناۋۇدۇنمۇ شىتىللىك قىلىپ ماڭا كۆز قىسىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، — ھۇسەن باي كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈپ كەتتى.

باۋۇدۇن باي ئاكىسىنىڭ ناھايىتى ئاددىي، شۇنداقلا خۇددى ئادەتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلغان گەپلىرىنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلاپ، ھۇسەن باينىڭ بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە قىلغان سەپىرىدە تولىمۇ مۇھىم ئىشلارنى قىلغانلىقىغا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇۋاتاتتى. بىراق، يەنە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن زور ئىش ئىكەنلىكىنى، ئاكىسىنىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ يۈزە قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. ئۆزى بولسا كاللىسىدا ھەر خىل ئويلارنى قىلىپ بېقىۋاتقان بولسىمۇ، تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى.

— شۇنداقتىمۇ بۇ خەتەرلىك، تەۋەككۈل بىر ئوقەت، — دېدى باۋۇدۇن باي بىر پەس قاشلىرىنى يىمىرىپ ئويلانغاندىن كېيىن، — ئەگەر زاۋۇتنىڭ ھەممە نېمىلىرىنى تەق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى نەچچە دۆلەتتىن ئۆتكۈزۈپ يۆتكەپ كېلىش ئاسان ئەمەس. ئۇ چاغدا ئۆزى



بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولۇپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ ئەكەلگەندىن كېيىن تېخى ئۇنى قوراشتۇرىدىغان، ئىشقا كىرىشتۈرىدىغان، ئۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ سەپلەيدىغان ئىشلار ۋاچچىدە چىقىدۇ. قىسقىسى، مۇنداق زاۋۇتنى قۇرۇش، ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەش يىل چەتتىن كېتىدۇ، ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن يەنە بەش يىل چامىسىدا زىيىنىغا ماڭىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئالاھازەل ئون يىل بۇنىڭغا توختىماي سەرمايە سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق توختاۋسىز چىقىم مەن ـ مەن دېگەن بايلارنىڭمۇ ئىلكىنى قۇرۇتۇپ «ۋاك» دېگۈزىۋېتىدۇ. شۇڭا، چەت ئەللەردە بۇنداق زاۋۇتنى بىر نەچچە داڭدار كاپىتالىستلارنىڭ بىرلەشمىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان شىركەتلەر قۇرىدۇ. سەن بولساڭ يەككە ـ يېگانە بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپسەن. بۇنى قاتتىق ئويلانمىساڭ بولمايدۇ، ئەگەر مەنمۇ بارلىق سەرمايەمنى بۇ ئىشقا ئاتىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇنۇمى بولىدىغانلىقىغا زادىلا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. يەنە ئېيتسام، سەن بىلەن مېنىڭ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بىز ئەمدى ياشلاردەك ئۇنداق دەبدەبىلىك ئىشلارغا ھەۋەس قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ھۇسەن باي ئىنىسى باۋۇدۇن باينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۇنىڭدا ھەقىقەت بارلىقىنى، زاۋۇت قۇرۇشنىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ مۈشكۈللىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىۋاتاتتى. بىراق، باۋۇدۇن باينىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن نېمە ئۈچۈندۇر ھۇسەن باينىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى.

— جان دېگەن خۇدانىڭ ئىلكىدە، بۈگۈن ئۆلەمدۇق ئەتىمۇ، قوي ئۆلەمدۇ قوزىمۇ، بۇنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، ماڭا ياشنىڭ كېپىنى تولا قىلىۋەرمە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بالىلىق ۋە ياشلىق قىلىۋاتقىنىم يوق. بىراق، مېنىڭ دىلىمغا زاۋۇت قۇرۇش ئىستىكى ئورنىغاندىن بۇيان، ئۇ بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش. شۇڭا، مەيلى قانداق بولۇشىدىن، بېشىمغا نېمە بالا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا نىيەت قىلدىم، — ھۇسەن باي بىر پەس توختىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۈستەلدىكى ئاللىقاچان مۇزلاپ قالغان سىنچايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچتى. ئاندىن ساقال بۇرۇتنى ئالىقىنى بىلەن سىپاۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەن ئېيتقان گەپلەرنى مەن سەندەك رەت - رېتى بىلەن سۆزلەپ بېرەلمىگىنىم بىلەن ئۇلار ھەققىدىمۇ كۆپ باش قاتۇردۇم، ھەتتا زەيناۋۇدۇن ھەم ھېلىقى باش تېخنىك ماكس ۋېگنېر بىلەن نەچچە كېچىلەپ ھېسابلاپ چىقتۇق. گەپىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مېنىڭ ھازىرقى سەرمايەمنىڭ ھەممىسىنى سالغان تەقدىردىمۇ مۇشۇ خەرىتىدىكى زاۋۇتنى قۇرۇپ چىقىشقا يەتمەيدىكەن. بىراق، سەن ئېيتقاندەك زاۋۇت بىر كۈندىلا پۈتىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭغا بىر قانچە يىل كېتىدۇ، شۇ جەرياندا بىز تىجارىتىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، تاپقىنىمىزنى ئۈزلۈكسىز زاۋۇتقا سەرمايە قىلساق، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىۋەتسە، ئۇلار ئاتىغىنىنى بەرسە، ئىنشائاللا بۇ ئىشتىن نەتىجە چىقىشقا ئىشەنچەم كامىل. شۇڭا، بۇنىڭغا قەتئىي تەۋەككۇل



قىلمىساق زادى بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا مەن ئۇ يەرگە بارسام نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟ — سورىدى باۋۇدۇن باي ئاكىسى بىلەن تالىشىشنىڭ نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھەم ھۇسەن باينىڭ ئۆزىنى گېرمانىيىگە ئەۋەتىشتىكى تۈپ مۇددىئاسىنى يەنىمۇ ئوچۇقراق بىلىپ چىقىش مەقسىتىدە.

— سېنىڭ ھۆكۈمەت ھەم رەسمىي كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشتە ئېپىڭ بار، قانۇن - پانۇن دېگەنلەرنىمۇ ياخشى بىلىسەن، ناسارالارنىڭ يۇرتىدا قانۇن تولىمۇ ئابرۇيلۇق بولىدىكەن. قانۇننىڭ بىر يېرىگە ئىلىپلاۋالساڭ، ھېچكىم غىرىڭ - پىرىڭ قىلالمايدىكەن. توختامنىمۇ قانۇن بويىچە تۈزۈدىكەن، مەن بۇنداق ئىشلارنى زادىلا ئەپلەشتۈرەلمەيمەن. شۇڭا، سەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن مانا مۇشۇ خەرىتە بويىچە لازىمەتلىكلەرنى بىر - ئىككى يىلدا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانغا توختاملىشىسەن. ئاندىن كېيىن بولسا شۇ شىركەتنىڭ ئۆزى بىلەن، بولمىسا گېرمانىيە تۆمۈر يول شىركىتى بىلەن زاۋۇتنى پويىز بىلەن بىزنىڭ چېگراغا ئەڭ يېقىن جايغا توشۇپ بېرىشنى پۈتۈشىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈپ بەرگۈچە يا بولمىسا زاۋۇت ئىشقا كىرىشىپ تاكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز مۇستەقىل ماڭدۇرالايدىغان ھالغا كەلگۈچە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ بېرىشكە كېلىشىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىدىن ئۈچكىچە ئىككى يىللىق مۆھلەت بىلەن بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى تاپىسەن، سېنىڭ ئۇ يەرگە بارغاندا قىلىدىغان ئىشلىرىڭ مانا

مۇشۇلار. ئۇ يەردە يەنە باشقا ئىشلار چىقىپ قالسا، ئۇنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلالىساڭ قىلىۋەتسەڭ بولىدۇ، بولمىسا ماڭا خەۋەر قىلىپ پىكرىمنى ئالساڭمۇ بولىدۇ، ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

— بولىدۇ، مەن قوشۇلدۇم، بارسام باراي، — دېدى باۋۇدۇن باي ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. چۈنكى، ئۇ ھۈسەن باينىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ كاللىسىدا زاۋۇت قۇرۇشنىڭ پۈتكۈل پىلانى، ئەندىزىسى ھەتتا ئۇ زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ھالقىلىرى ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە سەزگەندى.

— مانا، ئاخىر چۈشەندىڭ، — دېدى ھۈسەن باي خۇشال بولۇپ، — ئوقۇغان ئادەم دېگەن باشقا بولىدۇ — دە. مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم...

ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن يېنىك تىن ئالدى - دە، داستىخان ئۈچۈن ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈردى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى ئىش تەقسىماتى ئىدى.



# باش قوشۇش يىغىنى

1904 - يىلى، قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن چېدىرسىمان ئۆگزىلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ئىسلار بىلەن رەت - رەت كوچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان يوللار قارامتۇل كۆرۈنەتتى. بۇ يىل قىش مىيۇنخېن شەھىرىنى مول قار بىلەن تويۇندۇرغان بولغاچقا، يوللارنىڭ چەتلىرىدىن تارتىپ قورۇ، بىنالارنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقى كۈرەپ ئۆرىدىۋېتىلگەن قارلار بىلەن تولغانىدى.

شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان دەرۋازىسى بىلەن قورۇسى قاپقارا ھەم مەزمۇت تۆمۈر رىشاتكىلار بىلەن قورشالغان، خۇددى قەلئەدەك ھەيۋەتلىك تاش بىنانىڭ ئەگمە دەرۋازىسى بېشىغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» دېگەن قارا خەتلەر خېلى يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، بىنانىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ھەم يېپىلغان، قورۇسىمۇ جىمجىت ئىدى. پەقەت بىناغا كىرگەندىن كېيىنكى كەڭ زالدا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەينىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى پوست مىلتىقىنىڭ پاينىكىنى يەرگە تىرەپ مىلتىق قوندىقىنى تۇتقىنىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. بىر نەچچە قەۋەتتىكى بۆلۈملەردىن ئاندا - ساندا چىقىپ قالىدىغان يالاڭ كىيىنىۋالغان خادىملار

بىردە ئۇ، بىردە بۇ ئىشكىلەرگە ئەركىن كىرىپ چىقىشىپ يۈرەتتى. سەل ئوچۇق قالغان ئىشكىلەردىن خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ رەتلىك تىرىقلىغان ئاۋازى، تېلېفونلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئاشۇ ئىككى پوست ساقلاۋاتقان پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى بىر زالدا، سىدام ھەم يۇمشاق گىلەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان دوپ ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ھەم ئۇزۇن ھەم خورمىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان يەتتە كىشى بۈگۈن ئەتىگەندىلا مۇشۇ يەرگە كېلىپ «شىركەتلەرنىڭ باش قوشۇش يىغىنى» نى ئېچىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى يۈزىدە بىر تالمۇ تۈكى يوق، قىرلىق بۇرنىغا سېرىق دەستىلىك كىچىك كۆز ئەينەك قوندۇرۇۋالغان، ئورا كۆز، سېرىق چېچىنى يانغا تارىۋالغان، سوزۇق يۈز، ئورۇق ئىنچىكە كەلگەن ئۈچىسىغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پارقىراق شىبلىت كىيىپ، ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا كېپىنەككە ئوخشاش قارا بانتىك تاقىۋالغان، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ھەرىكىتى چاققان، كۆزى ئىتتىك، ئىنكاسى تېز كىشى ئىدى. بۇ كىشى «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» نىڭ ئىككىنچى لىدىرى بولۇپ، بۇ يەرگە يىغىنغا كەلگەن قالغان ئالتىسىنىڭ ئىچىدە ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ، كاپىتالى ھەممىدىن كۆپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىمۇ خېلى زور ئەملى بار كىشى ئىدى. قالغان ئالتەيلەننىڭ بەشى گېرمانىيە تۆمۈر يول شىركىتى، كۆن ـ خۇرۇم شىركىتى، ماشىنىسازلىق شىركىتى، قاتناش ـ ترانسپورت شىركىتى، بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ دىرېكتورلىرى بولۇپ،



ئۇلارمۇ ئۆز تارمىقى ۋە سىستېمىسىنى مونوپول قىلىۋالغان چوڭ كاپىتالىستلار ھەم كاتتا كارخانىچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرىمۇ گېرمانىيىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگىچە يېيىلغانىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى دوغىلاق ھەم سېمىز كەلگەن، ئىككى مەڭزىگە ئېسىلىپ چۈشكەن گۆشلىرى ھېلىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرغان، پومپايغان خۇرۇم سومكىسىنى ئالدىغا قويۇپ، پاناق بۇرنىنى بېسىپ كەتكەن ئېغىر ھەم يوغان كۆز ئەينىكىنى پات ـ پاتلا كۆتۈرۈپ ـ كۆتۈرۈپ قويىدىغان، كەڭ، يوغان قول ياغلىقى بىلەن يۈزىنى توختىماي سۈرتۈپ، پارقىراق ھەم قىسقا سايىۋەنلىك مۇۋۇت شىلەپىسىنى ئېلىپ، دۇپ ـ دۈگىلەك، ئاق تاۋۇزدەك تاقىر بېشىنى يەلپۈپ تۇرىدىغان، سېمىزلىكىگە قارىماي ھەرىكىتى تولىمۇ چاققان كىشى، ھېچقانداق شىركەتنىڭ دىرېكتورى ياكى سانائەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەممىدىن مەسئۇلىيەتلىك بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل سانائەت شىركىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئامانلىق تەپتىشى ئىدى. شۇڭا، دىرېكتورلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن قىلىۋاتقان دوكلاتلىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئاڭلاپ، تېزدىن ئۆزىگە سۆز قىلىش نۆۋىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ سۆزلىرىنى ئىچىدە تەكرارلاپ، سۆزىنىڭ مەلۇم جايىغا كەلگەندە كۆرسىتىدىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، ئۇلارغا قىزىل قېرىنداشتا نومۇر قويۇپ چىقىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا ئەپەندىلەر، سىلەرگە كۆپ رەھمەت، باشقا پىكىرلەر بولمىسا بۈگۈنكى باش قوشۇن يىغىنىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرساق قانداق دەيسىلەر؟ — باش قوشۇش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان لىدىر سىناش ھەم ھۆرمەت نەزىرى بىلەن ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويۇپ ئالدىدىكى قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ قاتتىق مۇقاۋىلىق ھۆججەت خالتىسىغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ يىغىننى ئۈزۈن ئېچىشنى، بەلگىلەنگەن تېمىدىن باشقا گەپلەرنى قىلىشنى زادىلا ياقتۇرمايتتى ھەم ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم بىر كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچىدى. كاتىپى ئۇنىڭغا «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» گە بەش يۈز مىڭ تىللا زاكالەت بېرىپ قويغان كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەمدى شەخسەن ئۆزى لىدىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ماشىنىسازلىق، كۆن – خۇرۇمچىلىق، قاتناش – ترانسپورت، بىناكارلىق ئىشلىرى ھەققىدە رەسمىي توختاملىشىش ھەققىدە پىكىرلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى يەتكۈزگەنىدى. بۇ يېڭى يىلنىڭ بېشىدىلا پۇتۇشۇش ئېھتىمالى بولغان چوڭ سودا ئىدى. بۇ سانائەت شىركىتى تىجارىتىنىڭ يېڭى بىر خەيرلىك باشلىنىشقا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق تىجارەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش، ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ھەم شىركەتكە كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي پايدىسىنى مۆلچەرلىيەلمەسلىك، تولىمۇ يارامسىز لىدىر، قابىلىيەتسىز دىرېكتورنىڭ ئىشى ئىدى. ئۇنداق كىشىلەر لىدىر ياكى دىرېكتور بولغان شىركەتلەر ھەرگىز روناق تاپالمايتتى، بەلكى ۋەيران بولاتتى. . .



— لىدىر ئەپەندى، لىدىر ئەپەندى، مۆھتەرەم ئەپەندىلەر، سەل تەخىر قىلساڭلار، — ئامانلىق تەپتىشى لىدىرنىڭ يىغىننى ئالمان – تالمان ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانلىقىدىن ئالدىراپ قالدى – دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كېرىپ ھەممەيلەننى قايتا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، — لىدىر ئەپەندى، ئەپەندىلەر، مېنىڭ سىلەرگە دېمەكچى بولغانلىرىم ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ھەر بىر شىركەتنىڭ ھەتتا پۈتكۈل سانائەت شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئابرۇيى، دۇنياۋى شۆھرىتىگە، ھايات – ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ!

لىدىر ئامانلىق تەپتىشىنىڭ بۇنداق كۆيۈپ – پىشىپ قىلغان گەپلىرى ھەم ئىلتىجاسىنى رەت قىلىۋېتىشكە ئامالسىز قالدى – دە، يانچۇق سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە قالغانلارمۇ قايتا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن: «ھە، قېنى سۆزلەڭ» دېگەندەك ئامانلىق تەپتىشكە تىكىلدى.

— لىدىر ئەپەندى، ئەپەندىلەر، ئىش بەك خەتەرلىك، — دەپ گەپ باشلىدى ئامانلىق تەپتىشى ئىغىر كۆز ئەينىكىنى قارا دەستىسىدىن كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ھازىر چاررۇسىيە جاسۇسلىرى ھەرقايسى تارماق شىركەتلەرگە سىڭىپ كىردى. ئۇلار ئەمدى دۆلەت سانائىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى بولغان «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» گە كۆز تىكىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، بىزنىڭ نازۇك تېخنىكا، نازۇك سانائىتىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بىزنىڭ سانائىتىمىزنىڭ ئومۇرتقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، — ئۇ شۇ يەرگە كەلگەندە بىر پەس توختاپ،

بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە قويدى، ئۇنىڭ چېپىلداپ تەرلەپ كەتكەن تاقىر بېشىدىن ھور كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ھەم كەسكىن گېپىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان دىرېكتورلار ھەم لىدىر ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئېنىقراق چۈشەندۈرۈشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ گېپىگە كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى، چۈنكى بۇ ھەقىقەتەن جىددىي ئىش ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان زور ئىش بولغاچقا، بۇنداق خېيىمخەتەر ۋە مەسىلە «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» دە سادىر بولسا، مەسئۇلىيەت ھەممىدىن ئاۋۋال لىدىرغا چۈشۈپ قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايتتى.

— ھۆرمەتلىك لىدىر ئەپەندى، دىرېكتورلار، — سۆزىنى داۋام قىلدى ئامانلىق تەپتىشى، — مەن سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلارنىڭ ئىنتايىن قىسلىقىنى بىلىمەن، ئىشىڭلارنىڭ ناھايىتى ئالدىراش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن، بىراق كەچۈرسىلەر، مەن سىلەرنى ۋاقىپلاندۇرماقچى بولغان ئىش تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا، ئۇ ھەقتە چۈشىنىشلىك سۆزلىمىسەم بولمايدۇ، — ئۇ قولياغلىقى بىلەن بېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ ئالدىغا يېيىپ قويۇلغان ھەم قىزىل بەلگە قويۇلغان بىرىنچى ماتېرىيالنى ئاچتى، — بۇنىڭدىكىسى چاررۇسىيىنىڭ تەجرىبىلىك جاسۇسى زەيناۋۇدۇننىڭ ماتېرىيالى. ئۇ 1850 ـ يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان، مىللىتى تارانچى. 1864 ـ يىلى ئىلى تارانچىلىرىنىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1866 ـ يىلى تارانچىلار قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندا، سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە



بولغان. 1881 ـ يىلى مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ئىلى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغاندا، يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىققان بىر بۆلۈك تارانچىلارغا ئەگىشىپ يەتتە سۇغا كەلگەن. كېيىن شۇ تارانچىلارنىڭ يەنە بىر كاتىپى ۋېلى باي يولداشوف يەتتە سۇنىڭ گوبېرناتورلىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئۇ ۋېلى باي يولداشوفنىڭ ئىشەنچلىك خادىمى سۈپىتىدە جامائەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن «يەتتەسۇنى سانائەتلەشتۈرۈش پىلانى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىقابى ئاستىدا، ياۋروپانى ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ سانائىتىگە دائىر ئاخباراتلارنى يىغقان ھەمدە گېرمانىيىنىڭ سانائىتى ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇلارنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن سېتىۋېلىشنى پىلانلىغان ھەم بۇ ھەقتە يەتتەسۇ گوبېرنىسىغا دوكلات سۇنغان. ئۇنىڭ شۇ دوكلاتى ھايال ئۆتمەي تەستىقلىنىپ گوبېرناتور ۋېلى باي يولداشوف بۇ ھەقتە يەنىمۇ كەڭ دائىرىلىك توختام تۈزۈش ئۈچۈن يەنە بەش كىشىنى ياۋروپاغا ئەۋەتكەن. ئۇلار زەيناۋۇدۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىزنىڭ مۇشۇ سانائەت شىركىتىمىز بىلەن ماشىنىسازلىق، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق، توقۇمىچىلىق، سوپۇنچىلىق زاۋۇتلىرىنى يەتتەسۇدا قۇرۇش، ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش توختاملىرىنى ئىمزالىغان. بىراق، بۇ توختاملار شۇ چاغدىكى چاررۇسىيە پادىشاھىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى بىلەن كېلىپ چىققان سىياسىي داۋالغۇش تۈپەيلىدىن ئەمەلىيلەشمەي قالغان. تەڭرى كەلتۈرگەن شۇ ئىش سەۋەبىدىن بۈيۈك گېرمانىيىمىزنىڭ سانائىتى چەت ئەلنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

كېتىشتىن ساقلىنىپ قالمىغان بولسا، بۇچاققىچە بىزنىڭ سانائىتىمىز ۋەيران بولاتتى. بىزنىڭ دۇنياۋى مونوپولىمىز بارلىققا كېلەلمەيتتى. زاۋۇتلىرىمىز تاقىلىپ، ئىشسىزلىق يامراپ، دۆلىتىمىز تولىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بولاتتى. . .

— كەچۈرسىز ئەپەندى، — دېدى لىدىر بىر هازا ئويلانغاندىن كېيىن، — سىز دەۋاتقان بۇ كىشىنىڭ چاررۇسىيە جاسۇسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا قانداق دەلىللەر بار؟ — لىدىرنىڭ سوئالى دىرېكتورلارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى، ئۇلار يىغىۋاشتىن ئامانلىق تەپتىشىنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— بۇ مەسىلە. . . بۇ مەسىلىگە كەلسەك بۇ ناهايىتى ئېنىق، — ئامانلىق تەپتىشى سەل دودۇقلاپ قالغان بولسىمۇ دەرهال گېپىنى ئوڭشاپ، مۇمكىنقەدەر ئىشەنچ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي ئەپەندىلەر، يەتتەسۇ گوبىرناتورى ۋېلى باي يولداشوف رۇسىيە چار پادىشاھ پادىشاھى بىلەن هەر قانداق ۋاقىتتا بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان، خالىغان ۋاقىتتا چار پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ چوڭ ئىشلار ھەققىدە كېڭىشەلەيدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بىردىنبىر كىشى. بۇ ناهايىتىمۇ زور ئىمتىياز، زور هوقۇق. شۇڭا، ئۇنىڭ هەر بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەلىيەتتە چار پادىشاهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېمەك، زەيناۋۇدۇننىڭ هەر بىر هەرىكىتى چار هۆكۈمىتىنىڭ هەرىكىتى، هەر بىر قىلمىشى چار هۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشى، — ئۇ شۇنداق دېگەچ قولىغا ئىككىنچى



ماتېرىيالنى ئالدى ۋە تەرىنى تۇرۇپ تېخىمۇ سۇرلۇك قىياپەتتە سۆزلەشنى داۋام قىلدى، — سىلەر بەلكىم، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش ئىكەن، ئەمدى خەتەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. ئۇنداق ئەمەس، خەتەر تېخى داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئاشۇ جاسۇس 1900 ـ يىلىدىن تارتىپ گېرمانىيىدە ياشاۋاتىدۇ! ئۇ ئەينى چاغدىكى قىلمىشلىرىنى توختاتقىنى يوق، ئۇ يەنە شۇ ئىلىدىن كەلگەن يەنە بىر باينىڭ گېرمانىيىگە مال زاكاز قىلىشقا كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى گېرمانىيە سانائىتىنى سېتىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە ئۇنى كەينىگە سېلىۋېلىپ پۇتكۇل گېرمانىيىنىڭ زاۋۇتلىرىنى ئالا قويماي كۆرسەتتى. ئۇ باشلاپ يۈرگەن كىشى هەرگىز ئادەتتىكى كىشى ئەمەس، بەلكى ۋېلى بايدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان هۇسەن باي دەپ نامى چىققان كاتتا باي. ئۇنىڭ بىر نەچچە زاۋۇتنى پۇتكۇل ئەسلىھەلىرى بىلەن سېتىۋېلىشقا تامامەن قۇربى يېتىدۇ. ئۇنىڭ بىزنىڭ تۆمۈر يول شىركىتىمىزنىڭ تۆت يۈز مىڭ تىللالىق پاي چېكىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى، ماشىنىسازلىق شىركىتىگە بەش يۈز مىڭ تىللا ئالدىن زاكالەت بەرگەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ سېتىۋالماقچى بولغىنى مانا مۇشۇ زاۋۇت.

ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۈچىنچى ماتېرىيالنى ئېلىپ ئەتراپتىكىلەرگە كۆرسەتتى. بۇ دەل هۇسەن باي سېتىپ ئالماقچى بولغان زاۋۇتنىڭ سىخېمىلىرى ئىدى. ئولتۇرغانلار ئۇنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. بولۇپمۇ ماشىنىسازلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىلەن كۆن ـ خۇرۇم

شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋىرى بار ئىدى. شۇنداقلا بۇنى ئادەتتىكى بىر تىجارەت دەپلا تونۇپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ، بۈگۈنكى بۇ يىغىنغا ئۇ ئىشلارنىڭ باشقىچە بىر سىياسىي تۈس ئالغان هالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، — سۆزىنى داۋام قىلدى ئامانلىق تەپتىشى بارغانسېرى ئۆزىگە تەمكىن تۈس بېرىپ، — بۇلار بىزنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن قۇرۇلغان، ياۋروپا هەم پۈتۈن يەر شارىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك زاۋۇتلار، مانا مۇشۇ زاۋۇتلارنى ئەينى چاغدا چاررۇسىيە قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا كۈچەپ ئۇرۇنغان. بىراق، بىزنىڭ چېۋەر قانۇنچىلىرىمىز «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈك سانائەتلىرىنى، كۆپ خىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئېغىر تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ چەت ئەللەرگە، قوشنا دۆلەتلەرگە سېتىپ بېرىشكە، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، ياساپ بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلىۋەتكەچكە، چاررۇسىيىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تۈرلۈك جاسۇسلۇق يوللىرى ئارقىلىق بىزنىڭ زاۋۇتلىرىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا، ئۈسكۈنىلىرىمىزنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، موسكۋادا قۇرۇلغان زاۋۇتلاردىكى گېرمانىيە ئىستانوكلىرى، گېرمانىيە ئۈسكۈنىلىرى قانداقلارچە ئۇ يەرلەرگە بېرىپ قالىدۇ؟ مەن سىلەرگە ئېيتسام، چاررۇسىيە يەنە شۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق بىزنىڭ



ئىلغار تېخنىكىمىزنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. يەنى هۆسەن باي ئارقىلىق بۇ رەزىل پىلاننى ئورۇنداشقا كىرىشمەكتە. چۈنكى، هۆسەن باي سېتىۋالماقچى بولغان زاۋۇت ۋە ئۈسكۈنىلەر ئەينى چاغدا چاررۇسىيە توختاملاشقان زاۋۇت ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ دەل ئۆزى. بۇنى هۆسەن بايغا چاررۇسىيە جاسۇسى زەيناۋۇدۇن ئۆتۈنۈپ بەرگەن! بۇ زاۋۇت هەم ئۈسكۈنىلەر چاررۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق توشۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئۇ زاۋۇت هەم ئۈسكۈنىلەرنىڭ چاررۇسىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ! — ئامانلىق تەپتىشى تەنتەنە قىلغاندەك جىلمايدى. ئېغىر كۆزئەينىكىنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۈستىنى ياغلىق بىلەن سۈرتتى، ئاندىن خۇلاسىلىگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ قارىشىمچە شىركىتىمىزگە كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر ئۇسۇل بار. ئۇ بولسىمۇ، چاررۇسىيە جاسۇسى بولغان زەيناۋۇدۇننىڭ قولىدىكى گېرمانىيە پاسپورتىنى تارتىۋېلىپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش، هۆسەن باينىڭ قولىدىكى تۆت يۈزمىڭ تىللالىق گېرمانىيە تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ پاي چېكىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ماشىنىسازلىق شىركىتى بىلەن تۈزگەن توختامنى بىكار قىلىش، ئالدىن تۆلىگەن بەش يۈزمىڭ تىللالىق زاكالەت پۇلىغا شۇنىڭغا تەڭ قىممەتتە زاۋۇت مەهسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ياكى قايتۇرۇۋېتىش، ئاخىرىدا ئۆز ئىچىمىزدىن ئۇلارغا شېرىك بولغان ماكس ۋېگنېرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى تېزدىن دۆلەت ئامانلىق ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇش، — دەپ

سۆزىنى تۈگەتتى.

ئامانلىق تەپتىشنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممە بىر پەس جىم بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، بەزىلەر سىگارت تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى ئىچىگە قاتتىق تارتتى. خېلىلا كۆڭۈللۈك كەيپىياتتا ئاخىرلىشايلا دەپ قالغان «يىللىق باش قوشۇش يىغىنى» نى بىردىنلا دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە قاپلىغاندەك بولدى. چۈنكى، ئامانلىق تەپتىشى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ھەقىقەتەن دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تاقىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

— ئامانلىق تەپتىشى ئەپەندى، شىركىتىمىز ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە دائىر مەسىلىلەرگە تاقىلىدىغان مۇھىم ئىشلار ھەققىدە ھەرقايسىڭىزنى ئوبدان خەۋەرلەندۈردى، — دېدى لىدىر سىگارتىنىڭ كۈلىنى ئالدىدىكى خرۇستال كۈلدانغا قېقىپ تۇرۇپ، — بۇلار بىزنىڭ ھەرقايسى شىركەتلىرىمىزنىڭ تىجارىتى داۋامىدا سادىر بولغان ئىشلار. بۇنىڭغا دىرېكتور ئەپەندىلەرنىڭ پىكرى قانداق؟ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى، — لىدىر ئۈستەلگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ، ئورۇندۇقتا غادايغىنىچە قاپاقلىرىنى سىلىپ ئولتۇرغانلارغا مۇراجىئەت قىلدى.

— تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ پاي چېكى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن، ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە سېتىپ بېرىلگەن، — دېدى لىدىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ دىرېكتورى يۈرەكلىك تۈردە ۋەھىمىلىك كەيپىياتنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك دانە — دانە سۆزلەپ، — قانۇنلۇق



رەسمىيەتلىرى تولۇق بولمىغان، قانۇن تەرتىپلەرگە ئەمەل قىلمىغان ھالدا تۆت يۈزمىڭ تىللالىق پاي چېكىگە ئېرىشىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ قانۇني ئاساسى يوق. ئەگەر ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نابابلىق بار دەپ قارىساق، ئۇنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەپەندىلەر بۇ بىر تىجارەت، خالاس. مەن ئۇنىڭدا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان بىرەر قىلمىش بارلىقىغا تازا كۆز يەتكۈزەلمەيمەن.

— بىزنىڭ شىركىتىمىز ھۆسەن بايدىن بەش يۈزمىڭ تىللالىق زاكالەت ئالغىنى راست، بىراق تېخى رەسمىي توختام تۈزمىدۇق. ئۇنى سانائەت شىركىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن تۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى ئۈستەلنىڭ ئىككىنچى چېتىدە خېلىدىن بېرى ئېغىز ئاچالماي ئولتۇرغان ئورۇق كەلگەن، كالتە ساقاللىق كىشى، ئۇ ماشىنىسازلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىدى.

يىغىن يەنە قىزىپ كەتتى. بىرلىرى ئۆز ئاساسلىرىنى قويسا، بىرلىرى ئامانلىق تەپتىشنىڭ پىكرىنى قوللايتتى. يىغىن ئاخىر بۇ ئىشنى سانائەت شىركىتىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان لىدىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى مۇۋاپىق تاپتى.

— رەھمەت ئەپەندىلەر، — دېدى لىدىر سائىتىگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ، — بىز دېموكراتىك دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ھەممە ئىشنى قانۇن بويىچە قىلىشىمىز كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. مەن ئامانلىق تەپتىشى ئەپەندى توپلىغان ماتېرىياللارنى يەنە بىر نۆۋەت تەپسىلىي كۆرۈپ

چىققاندىن كېيىن ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن. ئەنە شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىم ھەم قارارىمنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن. يىغىنىمىز مۇشۇ يەردە تامام.

لىدىر يىغىننى ياپقاندىن كېيىن قەغەزلىرىنى ئىتتىك يىغىشتۇرۇپ، يىغىن زالىدىن چىقتى ــ دە، ئىشخانىسىغا كىرىپ دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرگەن سوغۇق ھاۋا ئۇنىڭ چارچىغان مېڭىسىنى سەگىتىپ، قىزىپ كەتكەن بەدەنلىرىگە ھۇزۇر بېغىشلىدى.

— لىدىر ئەپەندى، سىزنى ئىككى كىشى سىرتتىكى كۈتۈش بۆلۈمىدە ساقلاپ تۇرغانغا خېلى بولدى، — دېدى ياشقىنا بىر كاتىپ ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن چېكىپ كىرگەندىن كېيىن، — ئەگەر قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىڭىز قايتۇرۇۋېتەي، باشقا بىر ۋاقىتتا كىرسۇن.

لىدىر دېرىزىنى ئىتتىك ياپتى ــ دە، كاتىپقا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇلارنى باشلاپ كىرىڭ.



# لىدىر ئىشخانىسىدا

كاتىپ ئېگىز بوي، بەستلىك، قارا ساقال، قارا قاشلىق، شۇ چاغدىكى ياۋروپادا ئومۇملاشقان قىشلىق كىيىم كىيگەن، پۇتىدىكى ئۆتۈكى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر كىشى بىلەن ئورۇق، ئىنچىكە كەلگەن يەنە بىر كىشىنى باشلاپ ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئورۇق كىشى لىدىرغا يېنىدىكى كىشىنى تونۇشتۇردى.

— لىدىر ئەپەندى، بۇ كىشى تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ پايچىكى ھۇسەن باينىڭ ئىنىسى ھەم ۋاكالەتچىسى باۋۇدۇن باي ئەپەندى بولىدۇ.

لىدىر باۋۇدۇن باينىڭ ئۆتكۈر قارا كۆزلىرىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىدى ۋە شۇ ئەسنادا ھېلىلا يىغىندا گېپى بولغان ھۇسەن باينىڭ سېيماسىنى خىيالەن قىياس قىلدى، — مەن بولسام مۇشۇ كىشىنىڭ تەرجىمانى، ئىسمىم زەيناۋۇدۇن، — تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلدى زەيناۋۇدۇن.

— سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن، قېنى ساپاغا مەرھەمەت، — لىدىر شۇنداق دېدى ــ دە، ئۇلارنى گۈللۈك گىلەم سېلىنغان ئىشخانىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان ئۇزۇن خۇرۇم ساپاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار پارقىراق ھەم سىلىق خۇرۇم ساپاغا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ يەنە بىر تامغا يۆلەپ قويۇلغان خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ساپاغا چۆكتى.

— بىلىشىمچە، سىز ئىلگىرى ھوسەن باي ئەپەندىگە تەرجىمانلىق قىلغانغۇ دەيمەن، — لىدىر سىگارت قاپچۇقىنى ئىككىيلەنگە تەڭلەپ چېكىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزۈر سوراپ ئۆزى بىرنى تۇتاشتۇردى ھەم سەرەڭگىنى ئۇياق - بۇياققا چايقاپ ئۆچۈرگەچ زەيناۋۇدۇنغا قاراپ سورىدى.

— شۇنداق، بىلىدىكەنسىز، — ئىتتىك جاۋاب بەردى زەيناۋۇدۇن، — ئىلگىرى ھوسەن باي ئەپەندى بىلەن بۇ يەرگە بىر نەچچە قېتىم كەلگەنىدۇق. بىراق، سىز بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىدى. ئۇ كىشى سىز بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ھە، مەيلى كېرەك يوق، بۇگۈن مانا ئاخىر كۆرۈشتۇق، باۋۇدۇن باي ئەپەندىمۇ كاتتا باي ھوسەن باي ئەپەندىنىڭ ئۆز ئىنىسى ھەم ۋاكالەتچىسى. تىجارەت تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ھوسەن باي ئەپەندىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى.

— سىز ئەسلىدە ئىلىدە تۇغۇلغان، شۇنداقمۇ؟ — زەيناۋۇدۇندىن كۆزىنى ئۈزمەي ۋە ئۇنىڭغا بارلىق زېھنى بىلەن تىكىلىپ سوراشنى داۋام قىلدى لىدىر، — چۈنكى ئۇ يىغىندا ئامانلىق تەپتىشى چاررۇسىيىنىڭ تەجرىبىلىك جاسۇسى، گېرمانىيە سانائەت شىركىتىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق پالاكەتلەرنىڭ مەنبەسى، دەپ تونۇشتۇرغان بۇ كىشى لىدىرنىڭ قاتتىق دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ لىدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ قالغانلىقى لىدىر ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ياخشى پۇرسەت ئىدى.. شۇڭا، ئۇ تىجارەتكە بولغان ھەۋىسىنى ۋاقىتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ



تولىمۇ خەتەرلىك «جاسۇس» نىڭ قانداق ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆزىتىپ باقماقچىدى.

— شۇنداق، بۇنىمۇ بىلىدىكەنسىز؟ — دېدى ھەيران بولۇپ زەيناۋۇدۇن.

— سىزنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ تۇرۇپ قېلىشىڭىزدىن قارىغاندا، چوقۇم ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىڭىز كېرەك، — لىدىر سىناش نەزىرى بىلەن زەيناۋۇدۇنغا قارىدى ھەم ئۇنىڭدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا ئۇزاقىچە كۆز تىكتى.

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈم ھەققىدە سۆزلىسەم گەپ جىق، ئۇنى ھازىر بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىش توغرىسىدا سۆزلىشەيلى، بۇ كىشىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى. . .

— توختاڭ، ھازىر ئۆزىڭىز توغرىسىدا سۆزلەڭ، بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش، — لىدىرنىڭ ئاۋازى كەسكىن، شۇنداقلا جىددىي ئىدى. زەيناۋۇدۇن بىر ھازا خىيالغا چۆكتى، ئاندىن ئۆتمۈشىنى، يەنى لىدىر قىزىققان سەرگۈزەشتىلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ھەيران قالارلىق يېرى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئامانلىق تەپتىشىنىڭ ئېيتقانلىرى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. پەقەت بىر نەچچە جايدىلا زەيناۋۇدۇننىڭ چۈشەندۈرۈشى باشقىچە ئىدى. شۇڭا، ئاشۇ جايلارغا ھوشيارلىق بىلەن زەن سېلىپ تۇرغان لىدىر ئۇ يەرلەرنى قايتىلاپ سورايتتى ھەم ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقان ياكى توقۇپ چىقىرىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم

قىلالماي قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىگە مىقتەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ سىلەرنىڭ يەتتەسۇدا زاۋۇت قۇرۇش پىلانىڭلارنى كېيىن تەختكە چىققان چار پادىشاھ ياقتۇرماپتۇ – دە، — ئاسماقچىلاپ سورىدى لىدىر.

— ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۇ يەردە زاۋۇت قۇرۇشىمىزغا قەتئىي يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن گوبېرناتور ۋېلى بايمۇ ئامال قىلالمىدى، — جاۋاب بەردى زەيناۋۇدۇن كەسكىن قىلىپ.

— سىزنىڭ ھۈسەن بايىنى گېرمانىيىدىن زاۋۇت سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز.

— بۇنىڭدا كۆپ سەۋەب يوق. بىراق، ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ گېرمانلارنىڭ مىجەز – خۇلقى، يىراق تارىخى، بىزنىڭكىگە ئوخشاش. شۇڭا، ئۇنى بىلگەنلەر ئۆزگىچە يېقىنلىق ھەم ئىشەنچ تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ، مەن دەل مۇشۇنى بىلگەچكە، ئۆز قېرىندىشىم ھەم يۇرتدىشىم بولغان ھۈسەن بايىنى گېرمانىيىنىڭ زاۋۇتلىرىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلدىم. سېتىۋېلىشقا مەسلىھەت بەردىم ھەم ئۆزىمىز ئەينى چاغدا تۈزگەن توختاملىرىمىزنىمۇ ئۆتۈنۈپ بەردىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدى بىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى.

— قىزىق گەپكەن، — دېدى لىدىر ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرماي، — بىز قانداقلارچە مىجەز – خۇلۇق جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ قالدۇق؟

— بىز ئۆزىمىز شۇنداق بولۇۋالمىدۇق، — دەپ تۈزەتتى زەيناۋۇدۇن لىدىرنىڭ سۆزىنى، — تارىخ شۇنداق



قىلغان. نېرسىنى ئېيتقاندا گېرمانلار، ئىتالىيانلار، گوللاندلار، قىسقىسى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەجدادى ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن. بۇنى گېرمان تىلىنىڭ ھىندى – ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى گېرمانىيىدە، قەدىمكى ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تەۋەسىدە تېپىلىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىن چىقىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلايدۇ... زەيناۋۇدۇن بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى چىن يۈرىكىدىن، چىن ھېسسىيات بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە تەرجىمان سۈپىتىدە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، خۇددى ساپادا پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ، سىگارتىنى قىيپاش چىشلىگەن ھالدا ئولتۇرغان بۇ كۆرەڭ گېرمانغا تارىختىن دەرس ئۆتكىلى كەلگەن پروفېسسوردەك ئىدىتلىق، ئىشىنەرلىك ۋە قەتئىي سۆزلەيتتى...

لىدىر كىچىكىدىنلا سودا – تىجارەت تەربىيىسىنى ئالغان، چوڭ بولغاندا ئىقتىسادشۇناسلىقنى ئوقۇپ ئاۋۋال بانكىدا، كېيىن سانائەت ساھەسىدە ئىشلىگەنىدى. ئۇ تۇغما ئىقتىسادشۇناس بولغاچقا، بارغانسېرى ئۆسۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە گېرمانىيە سانائەت شىركىتىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتا ئەربابىغا ئايلانغانىدى. ئەمما، ئۇ تارىخنى بىلمەيتتى، تارىخ پەقەت بىكارچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئىنسان ئۈچۈن ئىقتىسادتىن باشقا نەرسە مۇھىم ئەمەس، دەپ قارايتتى. مانا ئەمدى ئۇ تارىخنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق بولىدىغانلىقى، ھەتتا تارىخنىڭ كۆك كۆز، ئاق تەنلىك، ئۆزلىرىنى دۇنيادا تەڭداشسىز مىللەت دەپ ئاتايدىغان،

پۈتكۈل ياۋروپانى ئالقىنىغا ئېلىپ، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ئەسلىدە قاچاندۇر بىر زامانلاردا ئاسىيا قىتئەسىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەنلىكىنى ھېچقانداق قىينالمايلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەينەك ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتاتتى.

ئۇ بىر چاغلاردا تاسادىپىي قولغا چۈشۈپ قالغان ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيننىڭ كىتابلىرىدىن ئۇنىڭ لوپنۇر، تەكلىماكانلارنى قىدىرىپ، تۇرپان، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ، ئۇ يەرلەردىن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرىنى ئاختۇرغانلىقى ھەم ئۇ يەردىكى كىرورەن، ئىدىقۇت قاتارلىق قەدىمكى خەلقلەر ياشىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەسلىدە ياۋروپالىقلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئوقۇپ، بۇ بىر چۆچەك ئىكەن، دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگلار گرىنۋېنۋېدېل، لىكوك قاتارلىقلارنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلار ھەم تارىم دەريا ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىدىن يەنە شۇنداق مەزمۇنلارنى ئوقۇپ زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى. مانا ئەمدى كېلىپ ئاشۇنداق گەپلەرنى ئالدىدا تۇرغان چارروسىينىڭ تەجرىبىلىك جاسۇسىدىن ئاڭلاۋاتاتتى. شۇنداقلا قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان بۇ ئىككى قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈكلەردىن ئۆزى بىلەن ئوخشاشلىقى بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر بەلگىنىڭ بار يوقلۇقىنى ئىزدىگەندەك ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، چىرايىدىكى ھەر بىر ئۆزگىچىلىككە ھوشيارلىق، ئەستايىدىللىق بىلەن سەپ سالاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىقتىسادشۇناسلىق



كەسپىدە يېتىلدۈرگەن ئادىتى ئىدى.

لىدىر بىر قاراشتا بۇ ئىككىيلەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى زادىلا بايقىيالمىدى. ئۇلار تاكى بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە ئۆزىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى، زادىلا ئوخشىمايتتى. . .

— بەك ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەتتىڭلار، نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار، — دېدى باۋۇدۇن باي خېلىلا بىتاقەت بولغان ھالدا ئىككىسىگە قاراپ.

— ئوتتۇرىغا بىر كۈشەندە چۈشكەندەك قىلىدۇ، — دېدى زەيناۋۇدۇن لىدىرنىڭ سورىغان سوئاللىرى ھەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنچە تەپسىلىي بىلىۋالغانلىقىدىن ئاللىقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىپ، چۈنكى ئۇ لىدىرنى زادىلا تونۇمايتتى. شۇنداقلا ئۆزى توغرىسىدا ھېچكىمگە، ھەتتا ئۇچ ئاي بىرگە يۈرگەن ھۆسەن بايغىمۇ بىرەر نەرسە سۆزلەپ بەرمىگەنىدى.

— نېمە؟ ئىش بۇزۇلىدىغاندەك تۇرامدۇ؟ — ئىتتىك سورىدى باۋۇدۇن باي.

— بىلمىدىم، ھېچنېمە بىلەلمىدىم، — كۆڭۈلسىز جاۋاب بەردى زەيناۋۇدۇن.

لىدىرنىڭ ئوي - خىيالى بۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئوخشاشلىقىغا دەلىل بولالايدىغان ئامىللارنى ئىزدەش بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ يەنىمۇ سىنچىلاپ قاراش نەتىجىسىدە، بەزى ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغاندەكمۇ قىلدى. «قاڭشار بۇرۇن، ئورا كۆز، قويۇق ساقاللىق بولغان بۇ ئالامەتلەر بىزدىكى ئوخشاشلىقنىڭ ئىزنالىرىمىدۇ» ئويلىدى لىدىر. ئاندىن بۇ بولمىغۇر خىياللارنى يەنە ئۆزىدىن نېرى ھەيدىدى.

«مېنىڭ مەقسىتىم ئۇلار بىلەن ئىرقى ئوخشاشلىق ياكى قانداشلىقتىكى ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ چىقىش ئەمەس، بۇلار زادى بىزنىڭ سانائەت شىركىتىمىزگە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلارمۇ ياكى بىزگە پايدا يەتكۈزىدىغانلارمۇ، بۇلار چار پادىشاھنىڭ جاسۇسلىرىمۇ، ئەمەسمۇ، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، شۇنى» لىدىر ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە زەيناۋۇدۇنغا قاراپ كەسكىن سورىدى:

— سىزنىڭ مەقسىتىڭىز زادى نېمە؟ ماڭا مۇمكىنقەدەر ئېنىق ھەم ئوچۇق چۈشەندۈرسىڭىز.

— ئاددىيلا قىلىپ ئېيتسام، خەلقىمىز ھازىر ناھايىتى ئارقىدا قېپقالدى. شۇڭا، سىلەرنىڭ سانائىتىڭلارنى خەلقىمىز ئارىسىغا ئاپىرىپ، ئۇلار بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىش. مۇمكىن بولسا ئۇلارنىمۇ ياۋروپالىقلاردىن زور دەرىجىدە ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش.

— ھا... ھا... ھا... — لىدىر پېشانىسىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى، — جاسارىتىڭىز قالتىسكەن، قالتىسكەن ھەقىقەتەن قالتىسكەن، — ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ماختىدى، ئاندىن بىردىنلا يەنە جىددىي تۈس ئالدى، — شۇنداق قىلىشقا قوربىڭىز يېتەمدۇ؟ — سورىدى ئۇ زەيناۋۇدۇنغا يەنە تىكىلىپ قاراپ.

— يەتمەيدۇ، مېنىڭ قۇربىم يەتمەيدۇ، ھەتتا بىزنىڭ قۇربىمىزمۇ يەتمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ پېيمىزنى قىرقىيدىغان قۇدرەتلىك چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى بار. ئۇلار ئەينى چاغدا بىزنىڭ سانائەتلىشىشىمىزگە يول قويمىغان، بۈگۈنمۇ يول قويمايدۇ، شۇڭا سىلەرنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىڭلار، ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىڭلار بىلەن بىزگە



ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمەن! — زەيناۋۇدۇننىڭ ئاخىرقى گېپىدە ئۆتۈنۈش، ھەتتا يېلىنىشتەك بىر خىل ئىلتىجا بار ئىدى.

ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى، لىدىرنىڭ ھىم يۇمۇلغان لەۋلىرىدىن، تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن ئۇنىڭ بۇ گەپنى ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئويلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سىزچە، — دېدى ئۇ زەيناۋۇدۇنغا دوستانە قاراپ، — ئۇسكۈنىلەرنى چارروسىيە ئۆز زېمىنىدىن ئۆتكۈزۈشكە يول قويارمۇ؟

— راستلىقىمنى ئېيتقاندا، بىلمەيمەن. ئەمما ئۇلار، — دېدى ئۇ باۋۇدۇن باينى كۆرسىتىپ، — باشقا بىر دۆلەتتە. شۇڭا، دۆلەت ئارا قوشنىدارچىلىقنى قوغداش يۈزىسىدىن بولسىمۇ يۆتكەپ كېتىشكە يول قويۇشى مۇمكىن.

لىدىر باشقا گەپ قىلمىدى. ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان سىگارتىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر نەچچىنى شورىدى، ئاندىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئوتتۇرىسى كۆپۈپ تۇرىدىغان، بېغىررەڭ خۇرۇم بىلەن قاپلانغان يېرىم دائىرە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىغا ئولتۇردى. ئۇ ئۇستەلدىكى قەغەزلەرنى نېرى-بېرى سۈرۈپ قويۇپ باۋۇدۇن بايغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— قېنى، ھۆججەت، گۇۋاھنامىلىرىڭىزنى چىقىرىڭ.

خېلىدىن بېرى بۇلارنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي، قاچان ئەمەلىي ئىشقا ئۆتۈشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان باۋۇدۇن باي زەيناۋۇدۇننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ئەپچىل سومكىسىنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، قاپقىسىنى ئېچىپ، ئېلىپ كەلگەن ھۆججەتلىرىنى

بىر ـ بىرلەپ كۆرستىشكە باشلىدى.

بىراق، بۈگۈن ھېچقانداق ئىش پۈتمىدى. لىدىر: «ھۈسەن باينىڭ ھەم يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالەنامىسى يوقكەن، بۇنى تولۇقلاپ كېلىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن باۋۇدۇن باينىڭ قايتىپ بېرىشىغا توغرا كېلەتتى. پوچتىدىن ئەكەلدۈرگەن تەقدىردىمۇ بىر نەچچە ئاي كۈتۈش لازىم ئىدى.

— بوپتۇ، مەيلى، — دېدى زەيناۋۇدۇن باۋۇدۇن بايغا تەسەللى بېرىپ، — ئىشنى پۈختا قىلغان ياخشى. مېنىڭچە ھازىرلا تېلېگراما بېرىۋېتەيلى. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپاتى، ھاۋالەنامىسىنى پاتراق ئەۋەتسۇن، بولمىسا سىزنىڭ پاسپورتىڭىز بىلەن ھۈسەن باينىڭ نامىدا قويۇلغان چەكتىكى پۇللارنى، ھەتتا زاكالەتنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

— ھېلىمۇ ياخشى ھايال قىلماي بۇ يەرگە كىرگىنىمىز ئوبدان بولغانىكەن. ئاۋۋال ماللارنى سېتىپ يېتەرلىك پۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن باراي دەپ تۇرغان بولسام، تېخىمۇ كېچىكىدىغان ئىش ئىكەن. بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدۇ. ئىسپات، ھاۋالەنامىلار كەلگۈچە ماللارنى بىر تەرەپ قىلغاچ تۇرارمەن، — ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن شىركەت بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن چۈشۈپ، پوستلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ كوچىغا چىققاندا سوغوق خېلىلا بوشاپ قالغانىدى. گۇگۇگا تومانلاشقان شەھەر كوچىلىرى پەلتولۇق، جۇۋىلىق، ئۆتۈكلۈك، پىيمىلىق ئادەملەرگە تولغانىدى. پەيتۇنلار، كالاسكىلار، چانىلار قارلارنى غاچىلدىتىپ قاتناۋاتاتتى. باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇنمۇ بىر پەستىلا ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى.



# ئاخىرى چىقمىغان سۆھبەت

زەيناۋۇدۇن مىيۇنخېندىكى چەت بىر مەھەللىدە ئىجارىسى ئەرزان ئىككى ئېغىزلىق ياغاچ ئۆيدە تۇراتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى، ئىككى بالىسى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يەتتەسۇنىڭ ئۆسەك بويلىرىدىكى يېزىلاردا قالغانىدى. ئۇ يۇرتىدىن قاچقىپ چىقىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانغىمۇ بىر نەچچە يىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مۇشۇ يىللاردا ئۇ: «ئەنە كېتىمەن، مانا كېتىمەن» دەپلا يۈرگەچكە، ھېچقانداق ئىش ـ ئوقەتكە كىرىشمىگەنىدى. بەختىگە يارىشا، ئۇنىڭ رۇسچە، گېرمانچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە بىلىشى مۇشۇ يىللاردا ئاچ قالماي، يالىڭاچ قالماي، ماكانسىز قالماي ياشىشىغا ناھايىتى ئەسقاتتى. كۆپىنچە ئۆزىگە ئوخشاش باشقا دۆلەتلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەر، رۇسلار، ئۆزبېكلەر، قازاقلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى، سالام خەتلىرىنى يېزىپ بېرىش، كەلگەن خەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىش بىلەن ئۆي ئىجارىسىنى تاپاتتى. ئۇ يەنە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئاۋات يەردىن كىچىك بىر دۇكان ئېچىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا نېمە سېلىپ، نېمە سېتىشنى بىلمىگەچكە، بىر ساتراچقا ئىجارىگە بېرىۋەتكەنىدى. ئەمما ئۇ، تەرجىمانلىقنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ قىلاتتى. شۇڭا، بارا ـ بارا ئۇنىڭ نامى خېلى يەرلەرگە يەتكەن بولغاچقا، شەھەرنىڭ يەرلىك پۇقرالىرىمۇ

ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. بىراق، ئۇ بۇ ئىشنى رەسمىي كەسىپ قىلىشنىمۇ ئويلىمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەس يادى خوتۇن - بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىش ئىدى. بىراق، ئۇياقتىن كەلگەن خەۋەرلەردە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تېخىچە ئوڭشالمايۋاتقانلىقى ئۇنى بىئارام قىلاتتى. پەقەت يېقىندىلا يەركەتتىن كەلگەن خەتتىن، ئۇنىڭ موسكۋادىكى باشلىقىنىڭ يەركەتكە كەتكەنلىكى ۋە يەتتەسۇ گۇبېرنىسىغا ئىشقا كىرگەنلىكىنى ئۇقتى. بۇ خەۋەر ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. شۇڭا، ئۇ ھۇسەن باي كەلگەندە ئۆزىگە تاپشۇرغان ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى، بىراق ھۇسەن باي كېلەلمەي ئىنىسى باۋۇدۇن باينى ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشلارنىڭ ئۆتكەنكىدەك بولمايۋاتقانلىقى ئۇنى يەنە بۇ يەردە بىر مەھەل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى تاشلاپ كېتىشكە ۋىجدانى زادى يول قويمايتتى. ھۇسەن بايغا تېلېگراممىسىنى سىلىنىڭ كىمۇ ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. لېكىن، ھازىرغىچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان - ئالمىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يوق ئىدى. زەيناۋۇدۇن ئاشۇ ئىشلارنى خىيال قىلغاچ باۋۇدۇن باي چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ماكس ۋېگنېر كىرىپ كەلدى. ئۇ زەيناۋۇدۇننىڭ قولىنى قاتتىق قىسقانچە تارتىپ تاختايدىن قوپۇرۇلغان سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە ئولتۇرغۇزدى — دە، كۆزىگە مىقتەك قادىلىپ بىر پەس تۇردى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مۆشۈكنىڭكىدەك سۇس كۆك



كۆزلىرىدىن بىر خىل كۆكۈش نۇر چاقنىغاندەك قىلدى.

— مەن سىز بىلەن جىددىي سۆزلەشكىلى كەلدىم، — دېدى ماكس ۋېگنېر غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا. قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغاندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ بار ئېغىرلىقى بىلەن سۇپىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن سۇپىنىڭ كونىراپ كەتكەن تاختايلىرى غاراسلاپ كەتتى. ئۇ خاپا ئىدى، ئۆزايىدىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە بولدى؟ دىرېكتور بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ قالمىغانسىز؟ — سورىدى زەيناۋۇدۇن ئۇنىڭ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان، تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

— مۇنداق گەپ، سىز زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ سىز زادى چار پادىشاھىنىڭ جاسۇسىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەگەر جاسۇس بولسىڭىز، دەرھال بۇ يەردىن كېتىڭ، ھازىر سىز پاش بولۇپ قالدىڭىز، بولمىسا مېنىمۇ بالاغا تىقىسىز، خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىسىز، — ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك زەيناۋۇدۇننى ئاجايىپ - غارايىپ سوئاللارغا كۆمۈۋەتتى.

بىراق، بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن زەيناۋۇدۇن ماكسنىڭ گەپلىرى بىلەن لىدىرنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەنلىكى ھەم ئومۇمىي ئەھۋالنى ناھايىتى ياخشى بىلىۋالغانلىقىنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىدى ۋە شۇندىلا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن گۇمانلىق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى — دە، جىددىيلىشىش ئورنىغا بىردىنلا ئازادىلىككە چىقىپ قالدى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى.

— مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى تېخىچە بىلمەمسىز؟ مەن بىر تەرجىمان، يەنە بىر ئېيتىپ قوياي، مەن بىر تەرجىمان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلمايمەن، قىلساممۇ قامالاشتۇرالمايمەن، مېنى چار پادىشاھنىڭ جاسۇسى دېگەنلەر دەۋەرسۇن، ئىنقىلاپ كۆرسىلا ئىش ئايدىڭ بولىدۇ، سانائەت شىركىتىنىڭ لىدىرىمۇ مېنى جاسۇس دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ.

— نېمە؟ لىدىر سىز بىلەنمۇ سۆزلەشتىمۇ؟

— سۆزلەشتى.

— نېمە دېدى؟ قانداق بولدى؟

— نېمە دەيتتى، گۇمانىنى ناھايىتى يوشۇرۇن سۆزلەر بىلەن ئۇختۇردى. مەن ئۇنى پەملىگەندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتتى. خوش، ئەمدى سىزگە كېلەيلى، لىدىر سىزگە نېمە دېدى؟ — سورىدى زەيناۋۇدۇن ماكسىتىن.

— تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا سانائەت شىركىتىنىڭ لىدىرىدىن زاۋۇتقا تېلېفون كەپتۇ، دىرېكتور مېنى چاقىرتىپ: «سەن دەرھال سانائەت شىركىتىگە بار، لىدىر سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دېدى. بۇنداق چوڭ ئەربابنىڭ مېنى چاقىرتقىنىغا قارىغاندا بىرەر ئامەت بار ئوخشايدۇ، دەپ ھاسىراپ بېرىپتىمەن. نەدىكىنى؟ كىرسەم مەن بىلەن ئۆلگۈدەك قېرىشىپ كەلگەن ئامانلىق تەپتىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. . . ئۇنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇچۇپلا كەتتى، قايرىلىپلا كېتەي دېسەم يەنە بولمايدۇ، كۈتۈپ تۇردۇم، ئاخىر ھېلىقى «تۆت كۆزلۈك ئېيىق»، بىز ئۇنى شۇنداق ئاتايتتۇق، سومكىسىنى قولتۇقلاپ ماڭا ھىجىيىپ



قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن مەن كىردىم، بىر كەمدىن كېيىن لىدىر: «سىز ھوسەن باي بىلەن ئۇنىڭ زەيناۋۇدۇن ئىسىملىك تەرجىمانىنى قاچاندىن تارتىپ تونۇيسىز؟» دېدى. «يېرىم يىلچە بولدى» دېدىم، «سىز ئۇلارغا چېرتيوژ سىزىپ بېرىپسىز، شۇنداقمۇ؟» دېدى. «شۇنداق، مەن بىناكارلىقنى ئوقۇغان، ئىش ھەققىمنى ئوبدان بەرگەنلەرگە ئوبدان سىزىپ بېرىۋاتىمەن» دېدىم. ئۇ: «سىز ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىرەر گۇمانلىق نەرسىلەرنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟» دېدى. «ياق» دېدىم. «ھوسەن بايغا تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەم زادى قانداق ئادەمكەن؟» ئۇ يەنە سورىدى. «ئۇقمايدىكەنمەن» دېدىم. بىر ھازادىن كېيىن لىدىر يەنە: «پەممىچە، سىز بىزنىڭ ئامانلىق تەپتىشىمىز بىلەن تونۇشىدىغاندەك قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟» ئۇ يەنە سورىدى. «شۇنداق، مەن بۇنىندا ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، ئۇ بىر ئوسال نەرسە، مەكتەپتە ئەخلاقسىزلىق، چېقىمچىلىق، تۆھمەتخورلۇق قىلىپ ئاخىر مەكتەپتىن ھايدالغان، كېيىن روسىيىگە چىقىپ كەتتى، دەپ ئاڭلىغان، ھازىر بۇ شەھەردە ئۇچراتتىم. ئۇ يەنە سانائەت شىركىتىنىڭ ئامانلىق تەپتىشى ئىكەن، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ئىشقا كىرىۋالغانلىقىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھانىس ئىيوخان. ئۇ مەن بىلەن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ھازىرقىدەك دۈپ ـ دۈگىلەك ئىدى، چاچلىرى قاپقارا ئىدى. ھازىر تاقىرباش بولۇپ كېتىپتۇ» دېدىم. لىدىر گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن: «ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھانىس ئىيوخانمىدى؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق، ئۇ

بونىنلىق، بونىن بىناكارلىق تېخنىكومىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى هايدالغان، شۇ چاغدا مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆزى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى بىر سىنىپتىكىلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مەكتەپتىكىلەرنىڭ يادىدا ناهايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان» دېدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن لىدىر باشقا گەپ قىلمىدى. مەن يېنىپ چىقتىم، چىقىپ بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى قورسىقىم كۆپۈپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدىم، قولۇمدىن زادىلا ئىشقا بارمىدى. لىدىرنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن قارىغاندا ئاشۇ هانس دېگەن بىر نېمە سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن گەپ توقۇغان ئوخشايدۇ، ئامانلىق تەپتىشى بولغاندىن كېيىن بىر ئىش قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشى كېرەكتە. ئۇ سىزنى توناتتىمۇ؟

— تونۇمايدۇ، مەنمۇ تونۇمايمەن، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا ئۆزى پاكار، دوغىلاق، قارا شىلەپە، خۇرۇم پەلتو كىيىپ قولتۇقىغا خۇرۇم سومكا قىستۇرۇۋالغان قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر كىشىنىڭ پەيتۇن بىلەن مۇشۇ مەهەللىگە كېلىپ قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ يۈرگىنىنى ئىككى قېتىم تاسادىپىي كۆرۈپ قالغانىدىم.

— دەل شۇ. ئۇنداق بولسا ئۇ چوقۇم سىزنىڭ ئەهۋالىڭىزنى بۇ يەردىكىلەردىن ئېنىقلاپ لىدىرغا چاققان گەپ. توغرا، ئەمدى بىلدىم. ئۇ شۇنداق قىلغان، شۇنداق قىلغان. . .

ئۆي سوغۇق ئىدى. هەر ئىككىيلەننىڭ ئاغزىدىن سۆز بىلەن تەڭ هور چىقاتتى، ئەمما ئۇلار جىددىي پاراڭ بىلەن



بولۇپ كەتكەچكە، قوللىرىنىڭ كۆيۈشۈپ، ئۆتۈك ئىچىدىكى پۇتلىرىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئاغزى ئوچۇق، كۆل بىلەن تولغان سوقا مەش ئۆي ئىچىگە مۇز چېچىۋاتقاندەك، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت پۇتىنى سۇپىغا تىرەپ تۇراتتى.

— هېچگەپ يوق، بۇنىڭدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ، يامىنى كەلسە هەممىنى ماڭىلا ئىتتىرىپ قويسىڭىز بولىدۇ، بۇ ئىشلاردىن باۋۇدۇن باينىڭ خەۋىرى يوق، شۇڭا ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەيلى. سىز دېگەن ئۇ لىدىر قانداقراق ئادەم؟ — سورىدى زەيناۋۇدۇن ماكستىن.

— توغرىسىنى ئېيتسام، ئۇقمايمەن، ئەمما هوقۇقى ناهايىتى چوڭ. گېرمانىيە سانائەت شىركىتىدە ئۇنىڭ گېپى گەپ، ئۇ «بولىدۇ» دېگەن ئىش بولىدۇ، «بولمايدۇ» دېگەن ئىش بولمايدۇ.

— سىزنى ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما دېمىدىمۇ؟

— ئۇنداقمۇ دېمىدى.

ئۇلارنىڭ سۆهبىتى ئاشۇنداق ئاخىرى چىقمايلا ئاخىرلاشتى. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئاخىرىنى بۇ ئىككىسىمۇ چىقىرالمايتتى. ئۇلار پەقەت بىر- بىرىگە تەسەللى بېرىپ: «قېنى ئاخىرىنى كۆرۈپ باقايلى، قانداق نەتىجە چىقاركىن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

# رېيىن دەرياسى بويىدىكى تۈنەك

گېرمانىيىنىڭ ياز كېچىلىرى تولىمۇ گۈزەل ھەم جىمجىت ئىدى. بولۇپمۇ رېيىن دەرياسى بويىغا جايلاشقان مىيۇنخىن شەھىرى ئاھالىسى ياز كېچىلىرى دەريا ساھىلىغا كۆچۈپلا دېگۈدەك چىقىۋالاتتى. دەريا بويىدىكى بۈك دەرەخلەر ئارىسىدا قىز ـ يىگىتلەر توپ ـ توپ ياكى جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەممىلا جايدا كۈلكە، ناخشا، مۇزىكا ئاۋازلىرى ياڭرايتتى، دەريا بويىغا قاتار ئورنىتىلغان چىراغلار پۈتكۈل دەريا ساھىلىدىكى قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق، تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئاتاقىلاتتى.

بۈگۈن باۋۇدۇن باي، زەيناۋۇدۇن ھەم ماكس ۋېگنېرمۇ ئاشۇ يەردە ئىدى. ئۇلار دەريانىڭ بويىدىكى بىر راۋاقتا ئۈستەلگە مول نېمەتلەرنى تىزىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۈستەلدە پورۇقلاپ قايناۋاتقان ساماۋاردىن باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن خرۇستال ئىستاكانلىرىغا پات ـ پاتلا چاي قۇيۇشاتتى. ماكس بولسا ئېگىز ھەم يوغان رومكىغا گېرمانىيە پىۋىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تولدۇرۇپ ۋە رومكىنى قۇرۇقداپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىلەر بىلەن تونۇشۇپ، سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كەتكىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران، راست



بەك ھەيران، — دەپ گەپ باشلىدى ماكس ۋېگنېر لىق پىۋا تولدۇرۇلغان رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، — مېنىڭ سىلەردىن ئايرىلىشقا زادى كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ، سىلەر كەتسەڭلار مەن زېرىكىپ قالىدىغاندەكلا تۇرىمەن. شۇنداقتىمۇ، ئەتىكى سەپىرىڭلارغا ئاق يول تىلەيمەن. سەپىرىڭلار خېيىمخەتەرسىز، كۆڭۈللۈك ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن!

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، خۇدا تىلىكىمىزگە يەتكۈزگەي، — باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. باۋۇدۇن باي ئەمدى نېمىسچە بىمالال ئاڭلىيالايدىغان ھەم سۆزلىشەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ گېرمانىيىگە كەلگەندىن تارتىپ زەيناۋۇدۇندىن نېمىسچە ئۆگەنگەنىدى ۋە ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئىككىنچى يازنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. تىمت ـ تىمىستلىق، جىددىيلىك، ئالدىراشلىققا تولغان ئىككى يىل قۇيۇندەكلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن ياسىلىپ، پىرىيومدىن ئۆتكەن تۈنجى بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۈسكۈنىلەر تۆنۈگۈندىن بېرى ۋاگونلارغا قاچىلىنىپ تەق قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەتە ئەتىگەن گېرمانىيە ۋاقتى بىلەن كۈندۈز سائەت يەتتىدە بولىدىغان قۇتلۇق سەپەرنى كۈتۈشۈپ تۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئۈچەيلەننىڭ كاللىسىدا ئوخشاشلا ئىككى يىلدىن ئاۋالقى «جاسۇسلۇق» دېلوسىغا چېتىشلىق ۋەقەلەر قايتىدىن تىزىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى.

شۇ چاغدا باۋۇدۇن باي زەيناۋۇدۇن بىلەن تېلېگراما بېرىۋېتىپ ھۇسەن باينىڭ جاۋابىنى كۈتكەچ ماللىرىنى سۇ

قىلماقچىدى. بىراق، كۈتمىگەندە ئۇنى مېيۇنخىن ساقچى
ئىدارىسى چاقىرتىپ قالدى، ئارقىدىن زەيناۋۇدۇن،
ئۇنىڭدىن كېيىن ماكس چاقىرتىلدى ۋە ئۇلار شۇ يەردە يەنە
يۈزلەشتۈرۈلدى، سوراق قىلىندى، مېيۇنخىن ساقچى
ئىدارىسى شۇ چاغدا ئۇچەيلەننىڭ ئۈستىدىن «جاسۇسلۇق
شايكىسى» دەپ پاش قىلىنغان ئۇزۇن بىر ئىمزاسىز خەت
تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار گەرچە دەلىل ئىسپات كەمچىل
دېگەن گەپ بىلەن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما باۋۇدۇن
باي، زەيناۋۇدۇن ۋە ماكسنىڭ پاسپورتى تۇتۇپ قېلىندى.
ئۇلار سانائەت شىركىتىنىڭ لىدىرىنى ئىزدەپ بېرىپ
ئۇنىڭدىن ياردەم سورىماقچىدى. بىراق، ئۇ فرانسىيىگە
كەتكەن بولۇپ چىقتى. تاق بىر ئاي بولغاندا لىدىر قايتىپ
كەلدى. ئۇ ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
راستىنلا غەزەپلەندى، بولۇپمۇ نامسىز ئەرزنى ھېلىقى
ئامانلىق تەپتىشى يازغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن
ئولتۇرالمايلا قالدى، چۈنكى لىدىر ماكستىن ئۇنىڭ ئەسلى
ئىسىم - فامىلىسى، ئوقۇغان مەكتىپىنى بىلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ راستىنلا مەكتەپتىن ھايدالغان ھەم يالغان ئىسىم
قوللانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانىدى. شۇڭا، يەنە بىر
قېتىملىق دىرېكتورلار باش قوشۇش يىغىنىدا زەيناۋۇدۇن،
باۋۇدۇن باي ھەم ماكس ئۈستىدىن قىلىنغان گۇمانلارنىڭ
ئاساسى يوقلۇقى، شىركەتلەرنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي
بۇ چوڭ سودىنى يۈرەكلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى
ئۇقتۇرغان، ئەمما ئامانلىق تەپتىشىنى يەنە ئۆز ئىشىنى
ئىشلەۋېرىشكە يول قويغانىدى. بۇ ئىش چىققاندىن كېيىن
ئۇ ئامانلىق تەپتىشىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. ھەرقايسى



شىركەتلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل
خادىملارنى تەيىنلىدى، ساقچىغا ئېيتىپ ئۇلارنىڭ
پاسپورتلىرىنى قايتۇرغۇزدى. باۋۇدۇن باي پاسپورتىنى
ئېلىپلا پوچتىغا يۈگۈردى. چۈنكى، پوچتىكەش ھۆسەن
بايدىن كەلگەن ھۆججەتلەرنى باۋۇدۇن باينىڭ پاسپورتى
بولمىغاچقا بەرمەي قايتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر يەنە بىر ئاي
كېچىكسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئىلىغا ئېۋەتىۋېتەتتى. بەختىگە
يارىشا ھۆججەتلەرمۇ تېخى قايتۇرۇۋېتىلمىگەنىدى. باۋۇدۇن
باي ھۆججەتلەرنى ئېلىپ زەيناۋۇدۇن بىلەن لىدىرنىڭ
ئىشخانىسىغا باردى، لىدىر ھۆججەتلەرنى، ھۆكۈمەتنىڭ
ھاۋالەنامىسىنى ھەم ئۇلارغا بېسىلغان تۆت چاسا يوغان
تامغىلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، باۋۇدۇن باينىڭ
ھەرقايسى شىركەتلەر بىلەن ھەر تەرەپلىمە توختام تۈزۈش
ئىلتىماسىغا: «ھۆججەت ھاۋالەنامىلىرى قانۇنلۇق.
دۆلىتىمىز ھەم شىركىتىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن.
ھەر قايسى شىركەتلەرنىڭ تېزدىن توختام تۈزۈشىگە
قوشۇلىمەن ھەم توختامغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالاھىدە
جېكىلەيمەن» دەپ تەستىق سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن
باۋۇدۇن باينىڭ ئىشلىرى ناھايىتى تېز يۈرۈشۈپ كەتتى.
باۋۇدۇن بايمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ماشىنىسازلىق
شىركىتى بىلەن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا كېرەكلىك
ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، قىرىش ئىستانوكى، رەندىلەش
ئىستانوكى، بۇرغىلاش ئىستانوكى ، پرېسلاش ئىستانوكى،
پەردازلاش، بوياش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى، ئېلېكتر
شىركىتى بىلەن قۇرۇلماقچى بولغان زاۋۇتنى توك بىلەن
تەمىنلەيدىغان ھەم بىر نەچچە مىڭ لامپوچكا ياندۇرالايدىغان

گېنېراتور، دىنام ھەم دېۋىگاتىل ياساش توختامى تۈزدى. بىناكارلىق شىركىتى بىلەن زاۋۇت بىنالىرى سېخلىرىنى ياساشنى كېلىشتى. گېرمانىيە ھەم روسىيە قاتناش - ترانسپورت شىركەتلىرى بىلەن زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى پويىزدا، پاراخۇدتا كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزۈشنى پۈتۈشتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە پار قازان، پارۋاي، ئېلېكتر سىمى، تېلېفون سىمى، تېلېفون قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. باۋۇدۇن باي تۈزۈلگەن توختاملارنىڭ كۆچۈرمىسىنى «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» نىڭ ئىككىنچى قول لىدىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. لىدىر ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پۈتۈشى ھەم توشۇلۇشىغا نازارەت ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىشقا بىر خادىمنى تەيىنلىدى.

— بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن زەيناۋۇدۇن ئەپەندى مېنىڭدىن: «بۇ لىدىر زادى قانداق ئادەم؟» دەپ سورىغانىدى، — دېدى ماكس يەنە توشقۇزۇلغان رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، — شۇ چاغدا مەن ئۇ ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم. ھازىر بولسا بىلدىم. ئۇ كارامەت ياخشى ئادەم ئىكەن. ئۇ ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى ئۆز ئېلىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن بارلىق قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ھەتتا، زاۋۇت پۈتكەندە ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، مەن ئاشۇ لىدىرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بۇ رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋېتەي، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، رومكىنى ئاغزىغا ئۆگۈتۈردى. باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن ئىستاكاندىكى چاينى كەينى - كەينىدىن سۈمۈرۈپ ئۇنىڭغا ماسلاشتى. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە باۋۇدۇن بايمۇ يۇرتىغا قايتالمىدى،



زەيناۋۇدۇنمۇ يۇرتىغا قايتالمىدى. شۇڭا ئۇلار ھازىر قوش خۇشاللىق ئىچىدە تولىمۇ يايراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سخېمىدىكى ئۆلچەملىرى بويىچە تولۇق پۈتۈپ پويىزغا قاچىلىنىپ توشۇشقا تەق قىلىپ قويۇلغىنى ئىدى، يەنە بىرى بولسا يۇرتىنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى پات ئارىدا كۆرۈش شادلىقى ئىدى. بولۇپمۇ ئون نەچچە يىل يۇرتىدىن ئايرىلىپ كەتكەن زەيناۋۇدۇننىڭ خۇشاللىقى پەلەككە يەتكەنىدى. ئۇ تۈرۈپلا باۋۇدۇن باي بىلەن ماكسنىڭ تەخسىلىرىگە توخۇ، ئۆردەك گۆشلىرىنى سېلىپ قوياتتى، تۈرۈپ ئۈستەلدىكى مېۋە - چېۋىلەرنى ۋىلكىغا سانجىپ ئاغزىغا سالاتتى، تۈرۈپ چاقچاق قىلاتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى تەپتىش سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز بولۇپ قالغىنى، بولمىسا سىز بىلەن بىز بۇ چاغقىچە تۈرمىلەردە ياتقان بولاتتۇق.

— دۇرۇس، — دېدى ماكس چاقچاققا رەسمىي جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭ تەكتىنى بىلگىنىم جاھان ئىش بولغان ئىكەن. لىدىر ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ بىراقلا موللاق ئاتقۇزۇۋەتمىگەن بولسا، ئۈچىلىمىزنىڭ كۈنى تەس ئىدى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، ماكس ئەپەندى، — دېدى باۋۇدۇن باي ماكسقا قاراپ مىننەتدار بولغان ھالدا، — سىز ئىلگىرى ئاكام ھۆسەن بايغا ئۇبدان ياردەم قىلغانىكەنسىز، بۇ ئىككى يىل داۋامىدا ماڭىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىڭىز، بىزنى دەپ جاپا چەكتىڭىز، شۇ تاپتا بىزنىڭمۇ سىزدىن قىلچە ئايرىلغىمىز يوق، خۇدا خالىسا بىز يەنە پات ئارىدا كۆرۈشۈپ قالىمىز.. چۈنكى، بىزدە لىدىرنىڭ تەستىقى بار، ئۇ سىز باشلىق ئون ئىككى كىشىنى زاۋۇت پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى

ئىشقا كىرىشتۈرۈش، تېخنىك، ماستېر، توكچى، پىرىيومچى، خوجىلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ئىككى يىللىق مۆھلەت بىلەن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. چۈنكى، سىزنى بىز تەلەپ قىلدۇق. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز، — دېدى.

— ئىنتايىن خۇشالمەن، ئىنتايىن خۇشالمەن. يۇرتۇڭلارغا ئۆز قولۇم بىلەن لامپۇچكا يېقىپ، تېلېفون ئورنىتىپ، زاۋۇت قۇرۇپ بەرسەم، ئاشۇ يۇرتلارنى كۆرۈپ زىيارەت قىلىپ كەلسەم دەيمەن.

— ئۇ يۇرتلارمۇ تەڭداشسىز گۈزەل، ئۇ يەرلەردىمۇ خۇددى مۇشۇ رېيىن دەرياسىدەك دەريالار بار، ئۇ دەريالاردا خۇددى رېيىن دەرياسىنىڭ سۈيىدەك سۈزۈك سۇلار دولقۇنلاپ ئاقىدۇ، بىراق ئۇ يەردىكى خەلقلەر بۇ يەرلەردىكىدەك ئەركىن، باياشات، شاد ـ خورام ئەمەس. بىز ھەممىمىز ئۆز قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلىرىمىز بىلەن خەلقىمىز ئۈچۈن بىر ئۇلۇش پايدىلىق ئىشلارنى قىلايلى.

— دۇرۇس، شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك.

ئۇلار شۇنداق ئولتۇرۇش بىلەن قىسقا ياز كېچىسىنى ئاپئاق تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. ئۇلار تۇنجى گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا، ئاندىن ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. . .

مانا بۇ، بۇ ئۈچەيلەننىڭ رېيىن دەرياسى بويىدا ئۆمۈر بويى ئەستىن چىقمايدىغان خۇشاللىق ھەم شادلىق ئىچىدە كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ تۈنىشى ئىدى.



# قىلتاق

تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قولاقنى يارغۇدەك چىرقىراپ ھەم ھۇۋلاپ، يەلكىسىدىن ئاپئاق تۈتۈنلەرنى چىقىرىپ تاراقلاپ كېتىۋاتقان پويىز گېرمانىيىنىڭ يېشىللىققا چۆمكەلگەن تۈزلەڭلىرىدىن چېپىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. پويىز تۈن كېچە بولغاندا بىر چوڭ ۋوگزالغا كېلىپ ھاسىرىغاندەك ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ پۇشقۇرۇپ، سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن «پىسس. . .» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ توختىدى. ۋاگون ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ۋاگونلارغا كەڭ ياقىلىق ھەربىي پەلتو كىيگەن، قوللىرىدا ئۈچلۈق نەيزىلىك مىلتىقلارنى تۇتقان، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرلەر كىرىپ كەلدى.

— روسىيە چېگراسىغا كەپتىمىز، بۇ چارروسىيە ئەسكەرلىرى، — دەپ شىۋىرلىدى زەيناۋۇدۇن باينىڭ قۇلىقىغا. ھەممە ئورۇنلىرىدا قىمىرلاشقا باشلىدى ھەم ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پاسپورتلىرىنى، گۇۋاھنامىلىرىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشتى. بۇ ۋاگوندا باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇندىن باشقا يەنە بىر نەچچە تېخنىك خادىممۇ بار ئىدى. ئۇلار باۋۇدۇن باي توختاملاشقان شىركەتلەردىن چىقىرىپ بېرىلگەن خادىملار بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز شىركىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قاچىلاش، چۈشۈرۈش، توشۇش، يۆتكەش جەريانىدا بۇزۇلۇپ

كەتمەسلىكنى نازارەت قىلاتتى ھەم قاچىلاش، چۈشۈرۈش، يۆتكەش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇراتتى. چارروسىيە ئەسكەرلىرى باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇننىڭ پاسپورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى تېخنىكلارنىڭ پاسپورتلىرىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەكشۈردى. بىرى تەكشۈرۈپ بولۇپ يەنە بىرىگە بەردى ھەمدە ئۇلارنى باۋۇدۇن باي بىلەن بىللە پويىزدىن چۈشۈرۈپ ۋوگزالدىكى تەكشۈرۈش ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ ئەكىرىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ تاكى چوققىسىغىچە ئالا قويماي تەكشۈرۈپ، كىيىملىرىنى سىلاپ، تىتمىقلاپ چىقتى. چۈنكى، شۇنىڭدىن ئالتە ئايلار ئىلگىرى، يەنى 1905 - يىلى قىشتا چارروسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى، چار پادىشاھ ئوردىسى جايلاشقان شەھەر پېتېربۇرگتا كەڭ كۆلەملىك ئىشچىلارنىڭ نامايىشى پارتلىغان ۋە بۇ نامايىش قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، چار پادىشاھقا زور تەھدىت سالغانىدى. شۇڭا، چار پادىشاھ بارلىق ئەسكىرى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغانىدى. شۇ قېتىمقى ئىشچىلار نامايىشى ھەم قوزغىلىڭىنى تەشكىللىگەن تەشكىلاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەلگە چېكىنىپ، ئۇ يەردە چار ھۆكۈمىتىگە قارشى يېڭى نامايىش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭلارنى پىلانلاۋاتاتتى. شۇڭا، چار پادىشاھ ئۇلارنىڭ باشقا بىر چەت ئەل پۇقرالىرى نامىدا روسىيىگە كىرىپ كېلىشىدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلغاچقا، روسىيە تۇپرىقىغا كىرىدىغانلىكى ھەر بىر كىشى قاتتىق تەكشۈرۈلۈشتىن ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئۇلار ئۇسكۇنىلەر بېسىلغان ۋاگونلارغا قاغىدەك



ئولىشىپ، ھەر بىر ئۇسكۇنىنى تېشىدىن تارتىپ ئىچىگىچە قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇنداق تەكشۈرۈش تولۇق ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. شۇنىڭغىچە ھېچكىمنى پويىزدىن چۈشۈشكە، ئۇ ۋاگوندىن بۇ ۋاگونغا ئۆتۈشكە، ھەتتا ئالدىراپ چۈشۈپ كەتكەنلەرنى چىقىشقا رۇخسەت قىلمىدى. بۇ ئارىلىقتا باۋۇدۇن باي سائىتىگە ئون نەچچە قېتىم قاراپ چىقتى.

— بىرىنچى تەكشۈرۈشكە ئۈچ سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت كەتسە، ۋاقىتنىڭ يېرىمىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى باۋۇدۇن باي تېرىكىپ. چۈنكى، بۇ ئۇسكۇنىلەرنى روسىيە تەۋەلىكىدىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ كېتىش كېرەك ئىدى. باۋۇدۇن باي چارروسىيەنىڭ قاتناش - ترانسپورت شىركىتى بىلەن تۈزگەن توختامدا شۇنداق بەلگىلەنگەنىدى، ئەگەر ئاشۇ مۆھلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ كېتەلمىسە، ئۇسكۇنىلەر چارروسىيىگە تەۋە بولاتتى.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى زەيناۋۇدۇن، — بۇ ئۇسكۇنىلەر گېرمانىيىدىن چارروسىيىنىڭ ئومىسكى شەھىرىگە پويىزدا، ئۇ يەردىن سېمىپولاتىسكىغىچە پاراخوتتا، سېمىپولاتىسكىدىن يەركەتكىچە هارۋىدا، يەركەتتىن غۇلجا شەھىرىگىچە ئات ئۇلاغ، هارۋا - چانىلاردا توشۇلىدىغان تۇرسا.

شۇ ئەسنادا ئەسكەرلەرنىڭ كوماندىرى ئاغزىغا پۇشتەك سېلىپ ۋاگون ئىچىنى جاراڭلىتىپ چىرقىراتتى، ھەممە ئەسكەر قوللىرىدىكى پاسپورتلارنى يولۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ۋاگون ئىچىدىكى بوش ئورۇنغا بىرىپ سەپ تۈزدى،

ئاندىن يەنە پۈشتەك چىرقىرىشى بىلەن ۋاگوننىڭ ئوچۇق
ئىشىكىدىن رەت بىلەن چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى «قارس»
قىلىپ ياپتى. سىرتتا يەنە پۈشتەك چىرىلدى ـ دە، پاراۋوز
پۈشقىرىدى، ئاندىن پويىز قاتتىق گۈدۈك بەردى ۋە
ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى.
— ئۇھ، تەكشۈرۈش تۈگەپتۇ، — دېدى باۋۇدۇن باي.
— شۇنداق، تۈگەپتۇ. پويىز ئىتتىكلەۋاتىدۇ، —
دېدى زەيناۋۇدۇن. ھېلىقى بىر نەچچە تېخنىكمۇ بىر ـ
بىرىگە قاراپ قويۇپ ۋاگوننىڭ ئۆز ئورۇندۇقلىرىغا
يانپاشلىدى. . .
— ھېسابلاپ باقسام، — دېدى زەيناۋۇدۇن ۋاگون
بۆلۈمىدىكى كارۋىتىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتكەنىدى، — بۇ ئۇسكۇنىلەر
گېرمانىيىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە چارروسىيىنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكۈدەك يول باسىدىكەن، مۇشۇنچىلا
يۈكنى يول ـ يولدا بىردەم پويىزغا، بىردەم پاراخوتقا،
بىردەم ھارۋىغا قاچىلاپ، چۈشۈرۈپ ئۈچ ئايدا بېسىپ بولۇش
زادى مۇمكىن ئەمەسكەن. شۇڭا، سىزگە بېرىلگەن ئۈچ
ئايلىق مۆھلەت بىر قىلتاقمۇ قانداق؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋۇدۇن باينىڭ تېنى «جوغغىدە»
شۈركۈنۈپ كەتتى.
— شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن ئالتە ئاي ئىچىدە توشۇپ
كېتەيلى دەپ چىڭ تۇردۇم، زادى ئۇنىمىدى. بەش ئايغا،
ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت ئايغا چۈشتۇم. ئۇنىڭغىمۇ قەتئىي
قوشۇلمىدى. «پويىزدا بىر ھەپتە ماڭىدىغان يولغا ئۈچ ئاي
ۋاقىت بەرسەك يەنە بولمامدا، ئۇنداق بولسا باشقا يول بىلەن



يۆتكىگىن» دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ ئىمانسىزلار. ئەمدى
قارىسام، ئۇ بىر قىلتاقتەكمۇ قىلىدۇ، ئۇسكۇنىلەرنى
شۇنىڭغىچە چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىسەم
ئورۇسلارغا قالىدىغان گەپتە.
— يەركەتكىلا ئاپىرىۋالساق غۇلجىغا باردۇق دېگەن
گەپ، — دېدى زەيناۋۇدۇن، — شۇ يەرگىلا ساق سالامەت
يېتىپ بارساق، ئۇ يېقىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. بىلەمسىز
باۋۇدۇن باي، مۇشۇ كۈنلەردە كۆزۈم ئىلىنسىلا زاۋۇت
چۈشەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمەن، قاراڭ. ئابايلا كۆزۈمنى
ئازراق يۇمغاندىم، بىر تالاي چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە
ھەيۋەتلىك زاۋۇتلار بىلەن تولغان چوڭ بىر مەيدان ئالدىدا
تۇرغۇدەكمەن. زاۋۇتلارنىڭ تۇرخۇنلىرى بۇلۇتقا تاقىشىپ
تۇرغاچقا، ئۇچىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك. بىر چاغدا
زاۋۇتلار شۇنداق ۋارقىراپتۇكى، پۈتۈن شەھەر خەلقى
ئويغىنىپ كېتىپتۇدەك. ئۇلار ئىشقا بېرىش ئۈچۈن
كوچا ـ كوچىلارغا پاتماي يۈگۈرۈشكۈدەك. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزمىش. مەن ئۇلارنى چوڭ بىر
مەيدانغا يىغىپ كۆن ـ خۇرۇم ئىشچىلىرى مۇنۇ زاۋۇتقا،
ماشىنىسازلىق ئىشچىلىرى مۇنۇ زاۋۇتقا، توقۇمىچىلىق
ئىشچىلىرى مۇنۇ ياققا، سوپۇن زاۋۇتى، يېمەك ـ ئىچمەك
زاۋۇت ئىشچىلىرى مۇنۇ ياققا مېڭىڭلار، دەپ
ئۇلارنىڭ سەپ ـ سەپ بولغان قوشۇنلىرىنىڭ
باشلىقلىرىنىڭ قولىغا بىردىن چوڭ بايراق ھەم گۇۋاھنامە
بېرىۋاتقۇدەكمىشمەن. توۋا، شۇنداق ئېنىق كۆرۈپتىمەن.
— ئىنشائاللا، چۈشتە كۆرگەنلىرىڭىزنى ئاللا
ئوڭىڭىزدا كۆرسەتكەي، — دېدى باۋۇدۇن باي كۆڭلى

كۆتۈرۈلۈپ، — راستىنى ئېيتقاندا، سىز بىز قۇرۇشقا تۇتۇنغان زاۋۇت ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردىڭىز، بولۇپمۇ مۇشۇ ئىككى يىل جەريانىدا سىز بۇ ئىشتىن باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىڭىزمۇ كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەيلا قالدى، خۇدا بۇيرۇسا ئىشلار ئوڭشىلىپ كەتسە، مەن سىزگە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

— زاۋۇت قۇرۇلسا، ئۇلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىم قولى بىلەن باشقۇرسا، زاۋۇتلارنىڭ باشلىقلىرىدىن تارتىپ تېخنىكلىرىغىچە، خوجايىنلىرىدىن تارتىپ ئىشچىلىرىغىچە ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە. شۇنىڭغىچە ياشىسام، شۇلارنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەم ئارمىنىم يوق ئىدى...

ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاكاز قىلغان، سېتىۋالغان ئۈسكۈنىلىرى ھەم ياللىۋالغان خادىملىرىنى باسقان يۈك پويىزى گېرمانىيىدىن چىققاندىن تارتىپ ئالماشمىغان بولسىمۇ، ئەمما بېكەت - بېكەتتە توختاپ، ھەر بىر توختىغاندا تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ ئون بەش كۈن بولغاندا چاررۇسىيىنىڭ ئومسكى شەھىرىگە كەلدى. بۇ ئېرتىش دەرياسى بويىغا جايلاشقان كىچىكرەك بىر شەھەر بولۇشىغا قارىماي، ئۇ يەرنىڭ سانائىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. بولۇپمۇ كېمىسازلىق جەھەتتىكى ئاساسى پۇختا ئىدى، پويىز شۇ شەھەرگە كەلگەندە ئۇزاق توختىدى. چۈنكى، ئۈسكۈنىلەر ئەمدى چۈشۈرۈلۈپ پاراخوتقا قاچىلىنىشى لازىم ئىدى. ۋوگزالنىڭ كەڭ مەيدانى ھەم



ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان چېدىرلار ئىجارىگە ئېلىندى. ئۈسكۈنىلەرنى چۈشۈرۈش، جايلاشتۇرۇش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ئىجارىگە ئېلىنغان پاراخوتمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدى. ئەمما، ئۈسكۈنىلەرنى پاراخوتقا قاچىلايدىغان چاغدا چاتاق چىققانلىقى، چىققاندىمۇ چوڭ چاتاق چىققانلىقى مەلۇم بولدى. ئۈسكۈنىلەرنى پاراخوتقا قاچىلاش ئۈچۈن ئىشچىلارنى باشلاپ كەلگەن باۋۇدۇن باي ئۈسكۈنىلەر يېپىلغان بىرېزېنتلارنىڭ ئەتراپىنى تولۇق قوراللانغان يۈزدەك ئەسكەرنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ كاشىلىغا يولۇققانلىقىنى پەملىدى. ئۇنىڭغىچە يېتىپ كەلگەن زەيناۋۇدۇنمۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. باۋۇدۇن باي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالماق قەدەم بىلەن ئالدىرىماي چامداپ مۈرىسىگە زەر پوگون تاقىغان، مەيدىسى ئوردېن، مېداللار بىلەن تولغان، يېنىغا ئاسقان نەقىشلىك قىلىچىنىڭ دەستىسىنى ئاق پەلەي كىيگەن قولى بىلەن چىڭ سىقىمدىغان ئوفېتسېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇرۇم پاپكىسىنى ئاچتى ھەم ئۇنىڭدىن ئالدىن تەييارلانغان «چاررۇسىيە قاتناش - ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامى» نى، ئاندىن «چاررۇسىيە سانائەت كومبىناتى» نىڭ ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ئۈچۈن زاكاز قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى چاررۇسىيە چېگراسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى «رۇخسەتنامە» سىنى كۆرسەتتى. بىراق، بۇ ئىككى ھۆججەت ھاۋادا لەيلىگەنچە تۇرۇپ قالدى. ئوفېتسېر ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماي ھەم پېتىنىمۇ بۇزماي، بوش تۇرغان ئوڭ قولىنى ئوڭ چېكىسىگە تەگكۈزۈپ سالام بەردى.

— ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ئۈسكۈنىلىرىڭىزنىڭ

ھەممىسى ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراغ زاۋۇتىغا سەپلىنىدىغان ئىلغار ئىستانوكلار، قورال - ياراغ زاۋۇتىغا ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر ماتورلىرى بىلەن دېۋىگاتىللار ئىكەن. بۇلارنى توشۇش، يۆتكەش، چېگرىدىن كىرگۈزۈش ھەم چىقىرىش، ئۇلۇغ پادىشاھ ئىمزا چەككەن مۇبارەك پەرمان ياكى خانلىق ئارمىيە باش قوماندانى قول قويغان بۇيرۇق ئارقىلىقلا بېجىرىلىدۇ. شۇڭا، سىز ۋاقتىڭىزنى بىھۇدە سەرپ قىلماي ئاشۇ ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كېلىڭ. بولمىسا مەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈسكۈنىلەرنى مۇسادىرە قىلىمەن. سىزنى ھەم شېرىكلىرىڭىزنى «چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلەرنى يۆتكەش قانۇنى» غا خىلاپلىق قىلدى دەپ قاماققا ئالىمەن، — دېدى.

باۋۇدۇن باينىڭ تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن چىرايىدىن ئىچىدە قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىدا ئېسىلغانچە قالغان ھۆججەتلەرنى پاپكىسىغا سالدى - دە، ئۈن - تىن چىقارماي كەينىگە قايتتى.

— خۇمپەرلەر، نومۇسسىزلار! چېگرىدىن كىرگۈزگەن چاغدا بۇنداق گەپ قىلماي، ئەمدى كېلىپ دەۋاتقان گېپىنى قاراڭلار، مۇسادىرە قىلىمەن، قامايمەن دەيدا تېخى! ھۇ يۈزسىز دەيۈزلەر، — باۋۇدۇن باي ئالغان ياتىقىنى ئىچىدىن تاقىۋالغاندى. ئۇ توختىماي ئۇياق - بۇياققا غەزەپ بىلەن ماڭاتتى. ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى. لېكىن، زادى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، ئاچ يولۋاسنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر پارچە لوق گۆشنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپالماي ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇراتتى.



— باۋۇدۇن ئەپەندى، باۋۇدۇن ئەپەندى، ئىشىكنى ئېچىڭ، ئىشىكنى ئېچىڭ، باۋۇدۇن ئەپەندى.

كېچە سائەت ئون ئىككى بولغانىدى. زەيناۋۇدۇنمۇ بۈگۈن ئەتىگەن بولغان ئىشتىن ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغانىدى. ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئازادە ياتىقىغا كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئوڭدا ياتتى. ئۇمۇ خۇددى باۋۇدۇن بايدەك تاماقمۇ چىقمىدى، شۇ ياتقىنىچە كەچ كىرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ خىلمۇخىل خىياللارنى قىلىپ باقاتتى. خىلمۇخىل چارىلەرنى ئويلاپ كۆرەتتى. تۈن كېچە بولغاندا، باۋۇدۇن باينىڭ چىرىغى تېخىچىلا يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتى.

— كاللامغا بىر ئىش كىرىۋالدى، — دېدى ئۇ باۋۇدۇن باينىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا، — بۇ ئىشنى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ باقسىڭىز بولماسمۇ؟ — كاللىسى تۇمانلىق خىياللار بىلەن تولغان، ۋۇجۇدىنى قاپلىغان غەزەپ تېخى تارقىمىغان باۋۇدۇن باي بۇ گەپكە ئانچە ئىرەن قىلمىدى.

— مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە؟ مەن قاچان بېيجىڭغا بېرىپ خاننىڭ تەستىقىنى ئەكەلگۈچە بۇلار قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولىدۇ.

— ياق، بېيجىڭغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. پېتېربۇرگقا بېرىپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى سوراپ كۆرمەمسىز، قولىڭىزدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇۋاھنامىسى بىلەن رۇخسەتنامىسى بولغاندىن كېيىن.

— ھەي تاڭەي، قانداق بولاركىن؟ — مۇجمەل ئىنكاس قايتۇردى باۋۇدۇن باي.

— مەن ئويلا، ئويلا پەقەت شۇ يوللا ئۇنۇم بېرىشى مۇمكىن دەپ قالدىم.

— گېرمانىيە سانائەت شىركىتىگە ئەھۋالنى ئېيتساق، ئۇلار ئارىغا كىرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ باقسا بولارمىكىن دەيمەن، — باۋۇدۇن باي ئۆز ئويىغا كەلگەننى ئېيتتى.

— بۇنىمۇ قىلايلى، دەرھال گېرمانىيە سانائەت شىركىتىگە ھەم ھېلىقى لىدىرغا قارىتىپ تېلېگراما سالايلى، سىزمۇ دەرھال پېتېربۇرگقا جۆنەڭ، بۇ ھازىر سودا ـ تىجارەت ئەمەس، دىپلوماتىيىگە چېتىلىپ قالدى. ھۆكۈمەت ھەل قىلمىسا بۇنى ھەل قىلماق. . . ھەي. . . — ئۇ بېشىنى چايقىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز پەرەز قىلغان ھېلىقى قىلتاق ئەگەر راست بولسا، مانا مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان بولىدۇ.

باۋۇدۇن باي ياتاقنىڭ دېرىزە تەرىپىگە قويۇلغان يۇمشاق دىۋاننى كۆرسىتىپ زەيناۋۇدۇننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى ئىككى تەرەپكە قايرىۋېتىلگەن مەخمەل پەردىنى چۈشۈرۈپ دېرىزە قاناتلىرىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن كېيىن خېلىدىن بېرى ياسىتىلمىغان ساقاللىرىنىڭ تېگىنى سىيپاپ بىر ھازا تۇردى. ئۇنىڭ ساقاللىرىدا كۆپەيگەن ئاقلارغا سەپ سالىدىغان چولىسى يوق ئىدى. ئاندىن نېمىدۇر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك سومكىسىنى ئالدى ـ دە، ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنى ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تۆت پۇتلۇق ئۈستەلگە يايدى. ياتاقتا ئورنىتىلغان تۆمۈر قالپاقلىق بىر تال لامپۇچكا دەل شۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە



ياتاقتا يوپيورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. زەيناۋۇدۇنمۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىر ياغاچ ئورۇندۇقنى سۆرۈپ ئۈستەلدىكى ھۆججەتلەرنى باۋۇدۇن باي بىلەن تەڭ كۆرۈشكە باشلىدى.

ئەتىسى باۋۇدۇن باي گېرمانىيىدىن ئېلىپ كەلگەن تېخنىك، خادىملارنى يىغىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە ئاخشام زەيناۋۇۋۇدۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەلگەن قارارنى ئۇلارغا يەتكۈزدى.

— گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگىمۇ تېلېگراما يوللاش كېرەك، — دېدى تېخنىكلار مەسئۇلى، — ھۆكۈمەت بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەربىي ئۈسكۈنە ئەمەسلىكى ھەققىدە گۇۋاھنامە ئەۋەتىپ بەرسۇن، قېنى شۇ چاغدا يەنە نېمە دەيدىكىن.

باۋۇدۇن باي بۇ پىكىرنىمۇ قوبۇل قىلدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى، گېرمانىيە سانائەت شىركىتى ھەم لىدىرغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ھەم ياردەم سوراپ ئۆزۈن تېلېگراما يوللاندى. باۋۇدۇن باي بولسا بۇ يەردىكى ئىشلارنى زەيناۋۇدۇنغا تاپشۇرۇپ ئۆزى پېتېربۇرگقا ئالدىراش يولۇپ كەتتى.

# «ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز»

ئادەم ساقلاش ھەم كۈتۈشنىڭ بۇنداق چىدىغۇسىز ئازاب بولىدىغانلىقىنى زەيناۋۇدۇن پەقەت ئەمدىلا چىن مەنىسىدىن سېزىۋاتاتتى. باۋۇدۇن باينىڭ كەتكىنىگە مانا يىگىرمە كۈن بولغانىدى. ئۇ دەسلەپكى بىر نەچچە كۈننى گېرمانىيىلىك تېخنىكلار بىلەن شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتكۈزدى. بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ياشاش ئەھۋالىنى كۆردى. خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك بۇ يەردىمۇ بايلار، گادايلار، ئەرلەر - ئاياللار، قېرىلار - ياشلار بار ئىدى. ۋوگزالنىڭ ئەتراپى ھەر خىل يايمىچىلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مېۋە - چېۋە ساتىدىغان خوتۇنلار، موخۇركا ساتىدىغان بوۋايلار ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان، بېشىغا ئۈچ بۇرجەك ياغلىق سېلىۋالغان قىزلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ سودىسى ۋوگزالغا پويىز كەلگەندە تازا قىزىپ كېتەتتى. بەزى يولۇچىلار پەسكە چۈشۈپ نەرسە كېرەك سېتىۋالاتتى، بەزىلىرى بولسا پويىزنىڭ كىچىك دېرىزىلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ھەي ئالمىچى!

— ھەي بوۋاي!

— ھەي توخۇچى! — دەپ ۋارقىرىشاتتى، بۇنداق ۋارقىراش - جارقىراش، قىي - چۇۋ پويىزنىڭ يۈرۈپ



كېتىشى بىلەن بېسىقىپ قالاتتى. پويىزدا يەنە مۇشۇ شەھەرگە كەلگەنلەرمۇ بولاتتى، ئۇلار سومكىلىرىنى، سېۋەتلىرىنى، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چۈشۈپ ۋوگزالدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئاللىقاياقلارغا كېتىپ قالاتتى. دەريا بويىدا قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتىدىغان بېلىقچىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، چىراي - شەكىللىرى زەيناۋۇدۇن باشقا شەھەرلەردە، باشقا جايلاردا كۆپ كۆرگەن رۇسلار بىلەن ئوخشاشلا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، زەيناۋۇدۇننىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى، ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ بىر قانچە يىل ئەجىر، نۇرغۇن پۇل ھەم ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەق قىلغان ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تاق مۇشۇ شەھەردە تۇتۇپ قېلىنغانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى.

— ئەجەب ئىشقۇ بۇ، تېخىچە خەۋەر يوقما؟

— تېلېگراممىمۇ كەلمىدىما؟

— باۋۇدۇن باينىڭ ھازىر نەدىلىكىنى سىزمۇ بىلمەمسىز؟

كۈندە نەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغان سوئاللارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى بۇ يەردە ئۈسكۈنىلەرنى ساقلاپ باۋۇدۇن بايدىن خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان گېرمانلارنىڭ ئارىسىدا غۇدىراش باشلانغانىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئىشتىن نەتىجە چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، بىزنى يۇرتىمىزغا يولغا سېلىپ قويىسىڭىز بولامدىكىن.

— بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئۆلەي دېدۇق، يا

خەجلەيدىغان پۇلىمىز بولمىسا.

— كىيىملىرىمىز توكۇلۇپ كەتتى، بىزگە مائاشنى كىم بېرىدۇ؟

بۇگۇنمۇ تېپتىنچ ئۆتۇپ كەتتى، ئەتىسىمۇ ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى.

— بۇگۇن يىگىرمە ئۇچ كۇن بولدى، — دېدى تېخنىكلار باشلىقى زەيناۋۇدۇننىڭ قېشىغا كېلىپ، — ئەنسىرەپ قالدىم، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— نېمە؟ — چۆچۇگەندەك قايتۇرۇپ سورىدى زەيناۋۇدۇن، — كىمگە بىر ئىش بوپتۇ؟

— ھېچكىمگە، مەن باۋۇدۇن ئەپەندىمگە بىرەر پالاكەت كېلىپ قالمىغاندۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— مەنمۇ شۇ، مەن ھازىر سىلەردىنمۇ بەتتەر ئۆز گۆشۇمنى ئۆزۇم يېگۇدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

كۇن ئىسسىق ھەم تىنچىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىت - تىتچىلىق ئارام بەرمەيتتى. زەيناۋۇدۇن ياتاقتىن كوچىغا چىقتى، ئۇ ئىمكان بار ھېچكىمگە كۆرۇنمەسلىككە تىرىشاتتى، شۇڭا كوچىغا چىقىپ نېرىدا بىر نەچچە تۇپ دەرەخنىڭ سايىسىدە شاھمات ئوينىۋاتقان تېخنىكلارنىڭ قېشىغا بارماي كوچىنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە يول ئالدى. قارشى تەرىپىدىن بىر ئاتلىق ئەسكەر ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ زەيناۋۇدۇننى كۆرۇپ ئاتتىن سەكرەپ چۇشتى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىزنى كاپىتان چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېمە؟ كاپىتان؟ قايسى كاپىتان؟ — ھودۇقۇپ كەتكەن زەيناۋۇدۇن كەينى - كەينىدىن سوراشقا باشلىدى.



ئۇنى باۋۇدۇن باينىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى تۇتۇپ قالغان ھېلىقى ئوفىتسىر چاقىرغانىدى.

— پادىشاھتىن پەرمان كەلدى، ئۇچ كۇن ئىچىدە ۋوگزالدىكى ماشىنا - ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار. بىراق، ئايلىق ئىجارە ھەققى بىلەن ساقلاش ھەققىنى كونتورغا (باشقارمىغا) تۆلىگەندىن كېيىن رەسمىيىتىڭلار بېجىرىپ بېرىلىدۇ، — دېدى ئۇ زەيناۋۇدۇن ھەربىي شتاپقا كېلىپ كاپىتاننىڭ بۆلۇمىگە كىرگەندىن كېيىن.

— خوپ، كۆپ رەھمەت، بىراق بىز باۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى كۇتمىسەك بولمايدۇ، ئۇ كەلگەندىن كېيىن سىزنى ئىزدەيلى، — دېدى زەيناۋۇدۇن خۇشاللىقىنى بىلىندۇرمەي، — ئۇ خىيالىدا ئەمدى ۋېلى بايغا تېلېگراممىا يوللاپ ئۇسكۇنىلەرنى يۆتكەپ كېتىشكە ياردەم سورىماقچىدى.

— مېنى ئىزدىشىڭلار ھاجەتسىز، ۋوگزال كونتورىنى ئىزدەڭلار، رەسمىيەتنى شۇلار بېجىرىپ بېرىدۇ، باۋۇدۇن ئەپەندى بۇگۇنكى پويىزدا كېلىدۇ، كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۇزۇپ قويۇڭ، — كاپىتاننىڭ قوپال بۇيرۇقى زەيناۋۇدۇننىڭ قۇلىقىغا دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ئەڭ يېقىملىق ئاۋازدەك تۇيۇلدى. ئۇ بۇ ئاۋازنى، بۇ بۇيرۇقنى يەنە ۋە يەنە ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. بىراق، كاپىتان قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، «گەپ تۇگىدى، ئەمدى چىقىپ كەت» دېگەندەك قولىنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارە قىلغانىدى. زەيناۋۇدۇن كاپىتاننىڭ يېنىدىن چىقىپ شاھمات ئويناۋاتقان گېرمانلارنىڭ قېشىغا يۇگۇردى، ئاندىن

ھەممىسى دۇكۇرلىشىپ ۋوگزالغا كېلىپ بوش تۇرغان ۋوگزال سۇپىسىغا تىزىلدى. نۆۋەتتىكى پويىزنىڭ كېلىشىگە يەنە ئىككى سائەت بار ئىدى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ ۋوگزالدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى، ھەممە ھاياجانلىناتتى، ئەندىشە قىلاتتى، كاپىتاننىڭ گېپىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزى راست بولۇپ چىقتى. باۋۇدۇن باي نۆۋەتتىكى ئاشۇ پويىزدا قايتىپ كەلدى، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن زەيناۋۇدۇن ئېتىلىپ باردى، ئۇلار پەلەمپەيدىلا قۇچاقلىشىپ كېتىشتى...

باۋۇدۇن باينىڭ كۇلكىدىن قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن، ھەر بىر تېخنىكنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇلارنىڭ دۇمبىلىرىگە بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇشلىرىدىن، يوشۇرۇن «قىلتاق» تىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇش يولى تېپىلغانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.



# پاراخوتتىكى پاراڭ

باۋۇدۇن باي كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ھەممە رەسمىيەتلەر چاقماق تېزلىكىدە بېجىرىلىپ، بىر ئايدىن بېرى بىرىزېنت يوپۇقنىڭ ئاستىدا، چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە ياتقان ئۇسكۇنىلەر پاراخوتقا بېسىلدى ۋە شۇ كۈنىلا نۆۋەتتىكى مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كېتىلدى.

ھەممە ئىشلار سەرەمجانلىشىپ بولغاندىن كېيىن باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن پاراخوتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋىتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك بۆلۈمىدىن ئالغان ياتىقىغا كىرىپ يۇمشاق كارىۋاتقا سوزۇلۇپ ياتتى. بۇ خېلىلا كەڭ ھەم ئازادە جاھازلانغان ياتاق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى كارىۋات بار ئىدى. كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپمۇ پۇرمە پەردىلىك ئوچۇق دېرىزىدىن پاراخوتنىڭ پالۇبىسىنى، قىرغاقتىكى ئاستا ـ ئاستا ئارقىدا قېلىۋاتقان ئىمارەتلەرنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، دالالارنى كۆرگىلى بولاتتى. گۈرۈلدەپ كىرىۋاتقان سالقىن شامال ھارغان، چارچىغان بەدەنگە ئارام بېغىشلايتتى، ناھايىتى روشەن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان دەريا سۇيىنىڭ رىتىملىق شالاپلىشى خۇددى ئەللەي ناخشىسىدەك كىشىنىڭ نېرۋىلىرىنى پەپىلەيتتى. پاراخوت گويا گىگانت بۆشۈكتەك پاراخوتتىكى ھەممە نەرسىنى لەرزان تەۋرىتىپ باراتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ «دۇ ـ ت، دۇ ـ ت» قىلىپ ياڭرايدىغان

پاراخوت كانىيى خۇددى «ئا ـ مان، ئا ـ مان» دەپ ۋارقىرىغاندەك، كىشىنى خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈرەتتى.

— مانا ئاخىر يەنە يولغا چۈشتۇق، خۇدا بۇيرۇسا ئەمدى ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، سىزنىڭ شۇنچە كۈنلەر ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ تېلېگرامما بېرىپ قويمىغىنىڭىز بىزنى بەك ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، — دېدى زەيناۋۇدۇن كارىۋاتتا يېنىچە بولۇپ.

— دېسەم ئىشەنمەيسىز، پېتېربۇرگتا ماڭدامدا بىر پوچتىخانا بار ئىكەن، بىراق شۇ يەرگە كىرىپ چىققۇدەك ۋاقتىم بولمىدى، ئۇدۇل بارغانچە مەنچىڭ كونسۇلخانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئەھۋاللارنى ئېيتتىم. كونسۇل قولۇمدىكى ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ، بىزنى بىھۇدە تۇتۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇسكۈنىلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتۇۋىدىم، تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، مەن ئەتىلا جاۋابىنى ئېلىپ بېرىمەن، دېدى. ئەتىسى بارسام پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلمەپتۇ، بىر ھەپتە تەخىر قىلىپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. مەن بۇ ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن دەپ تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا گېرمانىيىگە تېلېفون بېرىپ بېقىش خىيالىمغا كېلىپ قالدى. پېتېربۇرگتا گېرمانىيىگە تېلېفون ماڭىدىكەن، مەن لىدىرغا تېلېگرامما يوللاپ بىز ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان ياكى ـ ئالمىغانلىقىنى، ئالمىغان بولسا سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ھەم ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم. كاللام قېيىپ كەتكەچكە، سىلەرگە تېلېگرامما بېرىپ ئۆزۈمنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىـ



قىمنى ئېيتىپ قويۇشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. ئەتىسى پوچتىخانىغا كىرسەم بىر ئۆينى كۆرسەتتى، شۇ يەردىكى تېلېفوننى ئالسام لىدىر سۆزلەۋاتىدۇ! گېرمانىيىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزى، قىلغان گەپلىرى ناھايىتى ئوچۇق، خۇددى بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندەك چىقىۋاتىدۇ. تېلېگراممىنى شۇ كۈنلا ئاپتۇ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىمۇ تېگىپتۇ، ئۇلار تېزدىن تەكشۈرۈپ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ!

— كىمكەن؟ كىم قىلىپتۇ ئۇ ئىشنى؟ — ئالدىراپ سورىدى زەيناۋۇدۇن.

— ھېلىقى ئامانلىق تەپتىشى ئەسلىدە چاررۇسىيىنىڭ جاسۇسى ئىكەن، ئۇنى شۇئان قاماققا ئاپتۇ.

— نىمە؟ ھېلىقى بىزگە تۆھمەت قىلغان ناكەسما؟ — زەيناۋۇدۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — شۇڭا بىزنىڭ ھەممە ئۇجۇر — بۇجۇرلىرىمىزنى بىلىۋاپتىكەن — دە!

— شۇ، شۇ ئىكەن، بۇ ئىش پاش بولغاندىن كېيىن ئۇلار چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بىزنى يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە يولغا سېلىپ قويۇشنى، دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى توختامدىكى ئۈچ ئايلىق سۈرۈكتىن چىقىرىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ، لىدىر ماڭا. پېتېربۇرگتا بىر ھەپتە تۇرۇشۇمنى، شۇنىڭغىچە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالەنامىسىنىڭ مەزمۇنىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ماڭا يوللاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كونسۇلغا بارسام: «بۇ ئىشتىن چار پادىشاھ خەۋەر تاپتى، ئۇ ئومسكىدىكى گارنىزۇننىڭ ئىشى، چار ھۆكۈمىتىنىڭ

بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق، چار ھۆكۈمىتى ھەربىي ئوكرۇگى ئۇلارغا تېلېگرامما يوللاپ، مەنچىڭ پۇقرالىرى ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ گېرمانىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۇسكۇنىلىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى» دېدى. مەنچىڭ كونسۇلى يەنە ئاشۇ بۇيرۇقنىڭ كۆچۈرمىسىدىن بىر نۇسخىنى ماڭا بەردى. ياتاقتا كەلسەم لىدىردىن كەلگەن تېلېگرامما تۇرۇپتۇ. ئۇ بىز يۆتكەۋاتقان ئۇسكۇنىلەرنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىسپاتنامە ئىكەن، ئۇلارنى ئېلىپلا ھايال ئۆتكۈزمەي بۇياققا ماڭدىم، بۇ يەرگە كەلسەم بۇ يەردىمۇ ئىش مەن كەلگۈچە پۈتۈپ بوپتۇ. ھېلىقى ئەسكەرلەرنىڭ بىرسىمۇ يوق ئىكەن. ۋوگزالدىكىلەر ھۆججەتكە قاراپمۇ قويمىدى...

ئەتىسى بىرىنچى بولۇپ زەيناۋۇدۇن ئويغاندى. ئۇ ئاخشام قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى، ئەمما كۆزىنى ئاچقاندا ياتاقنىڭ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ كەتكەنىدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئىللىق ئاپتاپ نۇرى ياتاقنىڭ پولىغا چۈشۈپ، ئۇ يەرنىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى، زەيناۋۇدۇن كۆزلىرىنى بىر ھازا چىمچىقلىتىپ يورۇققا ئۆگەتكەندىن كېيىن ئاستا يانغا ئۆرۈلۈپ باۋۇدۇن بايغا قارىدى. باۋۇدۇن باي تام تەرەپكە قارىغانچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن خورىكى بىلەن تەڭ كۆڭلەكچان مۇرىسى خېلىغىچە سىلكىنەتتى.

— پاھ، تازىمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇق - دە، — پىچىرلىدى ئۇ. لېكىن، باۋۇدۇن باينى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى ئاچقانچە ئورنىدا ئېغىناپ ياتتى. شۇئان



ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھۇسەن باي بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى كۈنلەر ۋە ئۇنى تونۇشتۇرغان موسكۋادىكى سەپىدىشى ئەينىدىن ۋە ئۇنىڭ كېيىن يەتتەسۇغا كەتكەنلىكى كەلدى. «ئۇ ھازىر نەدىكىن؟ ئەگەر ئۇ يەنە گوبېرنىغا ئورۇنلاشقان بولسا ئىش تازا ئوڭدىن كېلەتتى. ۋېلى باينى شۇ سۆزگە كىرگۈزەلەيتتى. يەركەتكە بارغاندىن كېيىن بۇ بىر پاراخوت پولات تۆمۈرنى غۇلجىغا قانداق توشۇش كېرەك، بۇمۇ بىر ئىش بولىدىغان بولدى» پىكىر يۈرگۈزەتتى ئۇ.

— ئوھوي سائەت ئون بولۇپ كېتىپتۇ غۇ؟! ھەي، نامازلىرىم جىق قازا بولۇپ كەتتى - دە، — باۋۇدۇن باي ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ئولتۇردى، ئەسنىدى، يۈزلىرىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن سىيپىدى. دېرىزە ئالدىغا كېلىپ مەيدىسىنى شامالغا تۇتتى، ئاندىن زەيناۋۇدۇنغا قاراپ سورىدى.

— پاراخوت تېخىچە مېڭىۋاتامدا؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ، مەنمۇ ھېلىراقتا ئويغاندىم، ئۇخلاپلا كېتىپتىمەن.

ئۇلار تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، قالغان ۋاقىتنى پاراخوتنىڭ ئاشخانىسىدا، پالۋبىسىدا ئۆتكۈزدى.

— سىمپولاتىسكىگە ئاز قالدۇق، ئەتىمالىم. ئۇ يەردە ئۇسكۇنىلەرنى ھارۋىلارغا بېسىۋالساقلا يولنىڭ غۇلچى تۈگەپ غېرىچى قالىدۇ، — دېدى زەيناۋۇدۇن گەپ تېپىپ.

— شۇنداق، بىراق يەركەتتىن غۇلجىغا بولغان ئارىلىق قىسقا بولغىنى بىلەن، ئۇ يەردە يا پويىز، يا پاراخوت، يا ياخشىراق يول يوق، ئۇلارنى ئاتقا، ئېشەككە ئارتىپ ماڭغىلى تېخى بولمايدۇ، — دېدى باۋۇدۇن باي.

— گوبېرناتور ۋېلى بايغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. ۋېلى باي ھە ـ ھۇ دېيىشىدىغانلا بولسا، ھۇسەن بايمۇ، سىزمۇ خاتىرجەم بولىسىز، بولمىسا چارلار يەنە چاتاق چىقارمايدۇ دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق خىيالدا. سىمپولاتسكىگە بىرىپلا غۇلجىغا تېلېگراما بىرىۋېتەيمىكىن دەيمەن، ئاكام يەركەتكە كېلىپ ۋېلى باي بىلەن كۆرۈشكەچ تۇرسۇنمىكىن.

— توغرا ئويلاپسىز، يولدىكى ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار قىلىپ قويغىلى بولسا تېخىمۇ ياخشى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن پاراخوتنىڭ سىمپولاتسكى پرىستانىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇلار پاراخوتتىكى سەپەرنىڭ مۇنچىلا قىسقا بولىدىغانلىقىنى، مۇنداق تېز ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بىرلا ئۇخلاپ ئويغىنىپلا مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكتىن ئۇلار پاراخوت سەپىرىگە قانمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار پاراخوتتىمۇ پويىزدىكىدەك تەكشۈرۈش بولىدۇ دەپ قىياس قىلىشقانىدى، ئەمما، ئۇلارنى ھېچكىم تەكشۈرمىدى. ھەتتا گېرمانىيىلىك تېخنىكلارنىمۇ ھېچكىم تەكشۈرمىگەنىدى. بۇ تولىمۇ قىسقا، خاتىرجەم ھەم تەكشۈرۈشسىز سەپەر بولغانىدى. شۇنىڭغا يارىشا، پاراخوتتىكى پاراڭمۇ ناھايىتى قىسقا بولدى.



## ھارۋىلار كارۋىنى

ئەللىكتىن ئوشۇق ھارۋا، ئىككى يۈزگە يېقىن ئات ـ ئۆكۈزلەردىن تۈزۈلگەن ھەيۋەتلىك ھەر خىل ھارۋىلار كارۋىنى قېلىن توپا باسقان ھارۋا يولىدا بۇلۇتتەك قويۇق توپا ـ چاڭ توزىتىپ، چايقىلىپ ھەم سىلكىنىپ ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىر نەچچە بىرىچكا بىرلەشتۈرۈپ ياسالغان، ئالتە ئات سۆرەپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن ھارۋىغا چىقىۋالغان زەيناۋۇدۇن بىلەن باۋۇدۇن باي پات ـ پات ئارقىدىكى ھارۋىلارغا، بېسىلغان ھەم بىرىزېنت يوپۇقلار بىلەن ھىم يېپىلىپ توم ئارغامچا بىلەن ماتاپ باغلىۋېتىلگەن ئۇسكۈنىلەرگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئارقىدىكىلەر كېلىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ بىرەرىدە چاتاق چىقسا، ھاي ـ ھۇيلاپ چاتاق چىققانلىقىنى مەلۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن قاش كىرپىكلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن بەدىنىنى توپا باسقان ھارۋىكەشلەر ھارۋىلارنى كەلگەن جايىدا توختىتىپ چاتاق چىققان ھارۋىغا ئولىشاتتى ۋە ئۇنىڭ چاتىقى ئوڭشالغۇچە كۈتۈپ تۇراتتى. ھېچكىمنىڭ بىرەر ھارۋىنى ياكى بىرەر ئات ـ ئۇلاغنى تاشلاپ كېتىشكە يول قويۇلمايتتى. يول تولىمۇ ناچار ئىدى. توپىلىق، كاتاڭلىق ھارۋا يولى ھەر قانداق ھارۋىنىڭ جۇلۇقىنى چىقىرىۋېتەتتى. يامغۇر ـ يېشىن، بوران ـ چاپقۇن بولۇپ قالسا، ھارۋىكەشلەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس

ئىدى. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، بۇ سەپەردىكى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. يوللار چەكسىز چۆللۈك بولۇپ، يېزىلار كەمدىن - كەم ئۇچراپ قالاتتى. ئۇ هارۋىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرىچكا هارۋا بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىگىر يۇككە ماسلاشتۇرۇپ بىر نەچچە هارۋا بىر - بىرىگە چېتىلىپ ئالتە ئات سۆرەيدىغان قىلىنغانىدى. شۇڭا، بىر هارۋىنى بىر نەچچە هارۋىكەش ھەيدەيتتى. شۇنىڭدىمۇ ئاتلارنى گەپكە كىرگۈزۈش تولىمۇ تەس، سۇرئىتى ئاستا، يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى ئارانلا ئىككى تونىنا ئىدى. سائەتلىك سۈرئىتى بەش كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئاتلارنى يەڭگۈشلەپ، هارۋىلارنى دەم ئالدۇرماي، ئادەملەر نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاپ، كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاچقا يول خېلىلا ئاۋۇيتتى.

— مېنىڭ بۇنداق هارۋىلاردا تۇنجى ئولتۇرۇشۇم، — دېدى زىياۋۇدۇن.

— مېنىڭمۇ بىرىنچى قېتىم ئولتۇرۇشۇم، بۇ كاساپەتلەرنىڭ ئىش ھەققى ناھايىتى ئۆرە، مەيلى پۇل تېپىلىدىغان نەرسە، بۇلارنى سېتىپلاۋالاي دېسەم زادى ئۇنىمىدى. غۇلجىغا بىراقلا كىرىپ كېتەيلى دېۋىدىم، — دېدى باۋۇدۇن باي.

تونۇردەك قىزىپ كەتكەن هاۋا، نەپەسنى بوغۇدىغان چاڭ - توپا، هارۋىنىڭ توختىماي چايقىشى، سىلكىشى، جالاقلىشى زەيناۋۇدۇننىڭ جۇدەپ كەتكەن ئورۇق جىسمىنى توپتەك ئۇياق - بۇياققا ئۇراتتى. ئۇ چوكىدەك ئۇزۇن، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن هارۋىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. هارۋا ھەر بىر چايقالغاندا، سىلكىنگەندە،



ئۇنىڭ ئۇچەي - باغرى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ۋە ئۇنى توسۇپ قالماقچى بولغاندەك ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى چىڭ بېسىپ تۈگۈلگىنىچە بېشىنى ئالدىدىكى ياغاچ تەگلىككە تىرەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا يېنىدا ئولتۇرغان باۋۇدۇن باي ئۇستىدىكى يالاڭ پەشمىتىنى قاتلاپ ئۇنىڭ پېشانىسى ئاستىغا قويۇپ بېرەتتى - دە، ئۇنىڭ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن بويۇنلىرىدىن سىرىلىپ چۈشۈۋاتقان تەرلەرگە ھەم ئالدىدىكى خۇددى تۈگىمەيدىغاندەك سوزۇلۇپ ياتقان قارامتۇل يولغا قاراپ ئۇن - تىنسىز خىيالغا پاتاتتى.

ئاخىر يەنە كەچ كىردى. هارۋا كارۋىنى كىچىكرەك بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقىدىغان دەرەخزارلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندە هارۋىلىرىنى چەتكە چىقىرىپ توختاتتى. زىياۋۇدۇن هارۋىدىن سىپىلاپ يۇرۇپ يەرگە چۈشتى ۋە دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ ئۆزىنى نەم ھەم سالقىن چۆپلۈككە تاشلىدى.

— بولالمايۋاتامسىز نېمە؟ — سورىدى باۋۇدۇن باي زەيناۋۇدۇننىڭ يېنىغا كېلىپ بەدەشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، — ئازراق بىر نەرسە يەڭ، ئوڭشىلىپ قالىسىز، — ئۇ شۇنداق دېگەچ زەيناۋۇدۇنغا سۇدان بىلەن ئاغزى ئېچىلغان ئەينەك قاچىدىكى قورۇلغان گۆشنى ئۇزاتتى...

هارۋىكەشلەر ھەم تېخنىكلار بولۇپ يۇزدىن ئوشۇق كىشى بۇ ئادەمسىز چۆللۈكنى بىردەمدىلا قايناق بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلار بەس - بەس بىلەن ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى، بەزىلىرى كېچىپ تۇرۇپ، بەزىلىرى سۇغا يېتىپ تۇرۇپ ئۇستۈپىشىغا، دىماغلىرىغا ئورناپ كەتكەن توپىلارنى يۇياتتى، بەزىلىرى ئۆستەڭنىڭ بېشىغا بېرىپ پاكىز يەردىن

سۇ ئەكېلىپ دالاغىلا ئوت يېقىپ سۇ قاينىتاتتى، تاماق پىشۇراتتى، بىر مۇنچىلار كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان چېدىر تىكەتتى، بىر مۇنچىلىرى هارۋىنىڭ بوش يەرلىرىدە ئۆزىگە ئورۇن راسلايتتى. بۈگۈن يەنە ئۈچ هارۋىنىڭ ئوقى سونۇپ كەتكەنىدى، ئۇنى زاپاس ئوققا ئالماشتۇرغۇچە كەچ كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلارنىڭ تاقىلىرى چۈشۈپ قېلىپ پۇتلىرى تېشىقاپ يول ماڭالماي قېلىۋاتاتتى. شۇڭا، مۇشۇ يەردە بىر كۈن تۈنەشكە توغرا كەلدى. هارۋىكەشلەر هارۋىلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چاقلىرىنى مايلاپ چىقىۋاتاتتى.

— يەنە قانچىلىك يول قالدى، — سورىدى باۋۇدۇن باي ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ياش هارۋىكەشتىن.

— يەنە توپتوغرا بەش كۈنلۈك يول بار، ئەگەر قاتتىق يامغۇر يېغىپ يوللار ماڭغۇسىز بولۇپ كەتمىسە، — قوشۇپ قويدى ئۇ.

دەرەخزارلىق تېخىمۇ سالقىن تارتىشقا باشلىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. هېرىپ هالىدىن كەتكەن هارۋىكەشلەر ئۆزلىرى راسلىغان يەرلىرىدە يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

ئارام ئېلىش زەيناۋۇدۇننى خېلى ياخشى قىلىپ قويغانىدى، ئۇ باۋۇدۇن باي بىلەن چوڭ بىر تېكمەت كىگىزنى دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۈستىگە ئىككى پارچە سىدام پاختا ئەدىيالنى يېيىپ يېتىشاتتى. ئۇلار هارۋىغا چىققان يىگىرمە كۈندىن بېرى ئاشۇنداق يېتىپ قوپۇۋاتاتتى، هەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا يۈز - كۆزلىرىنى چالا يۇيۇپ هارۋىغا چىقاتتى. هارۋىكەشلەر تاڭ سەهەردە يولنى ئاۋۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇيقۇنىمۇ،



قۇرساقنىمۇ ئۇنتۇيتتى. كۈن چۈشكە ئاز قالغاندا، كەلگەن يەردىلا توختاپ پەسكە چۈشۈپ كۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى، ئاغرىۋاتقان بەللىرىنى تۈزۈشەتتى ۋە قۇرساقنى ئاندا - مۇندا ئەستەرلىشەتتى. ئاتلارنى تويدۇرۇپ سۇغىرىشاتتى.

باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى. بۇلارنى تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئويغىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ بىر مەھەل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئاسماندا ئاخشامقى يۇلتۇزلار، ئەتراپتا قاتار تىزىلغان هارۋىلار هەتتا دەل - دەرەخلەرمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا قاپقاراڭغۇلۇق ئالماشقانىدى. يامغۇر بارغانسېرى ئىتتىكلەشكە باشلىدى، يامغۇر بىلەن تەڭ چاپقۇداپ چىقىۋاتقان بوران كۆزنى ئاچقىلى قويمايتتى. شۇ ئەسنادا باش هارۋىكەشنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ مايغا چىلانغان مەشئەلنىڭ ئۆتكۈر نۇرى دەرەخزارلىقنى يورۇتۇۋەتتى، هەممە ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇشۇپ هارۋىلارغا يۈگۈرۈشتى.

— تۇرۇڭلار، يولغا چۈشۈمىز، - باش هارۋىكەشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەشئەل ياققان، هەممەيلەننى ۋارقىراپ، جارقىراپ ئويغاتقان شۇ ئىدى، هارۋىكەشلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆز هارۋىلىرىغا چىقىپ ئاتلارنى قوشۇشقا باشلىدى. باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن هۆل بولۇپ كەتكەن كىگىز - ئەدىياللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرى ئولتۇرغان هارۋىنىڭ ئالدىغا چىقىۋالدى.

— ئادەملەر تولۇقمۇ؟ يول پاتقاق بولۇپ كەتكۈچە مېڭىۋالايلى، ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار، — باش هارۋىكەش بېشىغا تاغارنى ئۇچلاپ كىيىپ هەر بىر هارۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋارقىرايتتى، ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ باۋۇدۇن باينىڭ يېنىدىكى ئورنىغا چىقىپ ئولتۇرغاندا، چىلىق -

چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ يىگىرمە ئالتە ياشلار ئەتراپىدىكى، ۋۇجۇدىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان قاۋۇل يىگىت ئىدى، باشقا هارۋىكەشلەرمۇ ئاشۇنداق ياش يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قېرىلىرى باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن ئىدى.

— بىزنىڭ ئىشىمىز مۇشۇنداق، — دېدى ئۇ باۋۇدۇنبايغا قاراپ ھەم ئاتلارنى قامچىلاپ مەشئەل يورۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يولغا ئېلىپ چىقىپ.

هارۋىنىڭ شوتىسىغا، ئۇزۇن خادىغا ئورنىتىلغان مەشئەل ئالدىدىكى كىچىككىنە يەرنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسى، ئەتراپ قارا خۇرۇمغا ئورالغاندەك قاپقارا ئىدى. بىردىنلا ئاسماندا يالىلداپ چاقماق چېقىپ بىر دەقىقە جاھاننى يوپيورۇق قىلىۋەتتى. ئەتراپتا يا بىر تۈپ دەرەخ، يا بىر دۆڭلۈك كۆرۈنمەيتتى، ئارقىدىن دەھشەتلىك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى، چەكسىز دالادا چاقماقنىڭ بۇنداق روشەن چېقىلىدىغانلىقى، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاسماننى يېرىۋەتكۈدەك گۈلدۈرلەيدىغانلىقىنى باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— خۇدا ئامانچىلىقنى بەرگەيسەن، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، مەنزىلىمىزگە تىنچ ئامان يەتكۈزگەيسەن، — دېدى باۋۇدۇن باي ئۈنلۈك قىلىپ ھەم ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى.

زەيناۋۇدۇن ئۈن - تىنسىز ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. يامغۇر ۋە بوران ئۇنى ياخشى قىلىپ قويدىمۇ ياكى جىددىيچىلىك، پاتىپاراقچىلىق ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردىمۇ ئىش قىلىپ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالغانىدى. كېچە بارغانسېرى ئاخىرلاشماقتا، يامغۇر توختاشقا تايىن



تاپماقتا ئىدى، بوران بولسا خۇددى ھارۋىلارنى ئۆرۈۋەتكۈدەك كۈچىيىپ ئالىلقانداق ياغاچ پارچىلىرىنى، قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر، ھەتتا لاي - لاتقىلارنى ھارۋىنىڭ گەۋدىسىگە، ئاتلارنىڭ كۆزلىرىگە، ھارۋىكەشلەرگە قاراسلىتىپ ئۇراتتى.

— بوراننىڭ چىققىنىمۇ ياخشى، بۇلۇتلارنى ھايداپ كېتىدۇ، بىراق ئازگال - كاتاڭلاردا قىڭغايغان ھارۋىنى ئاسانلا ئۆرۈۋېتىدۇ، — دېدى باش ھارۋىكەش، ئەندىشە ۋە سەگەكلىك بىلەن ئەتراپقا كۆز سېلىپ كېلىۋاتقان باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇنغا كۆز تاشلاپ قويۇپ.

كۈن چۈشكە ئاز قالغاندا يامغۇر تامامەن توختىدى، سۇ توشقان يول ئازگاللىرى كۆلچەك - كۆلچەك بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق يەرلەرگە كەلگەندە ھارۋىكەش ھارۋىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سۇغا سالاتتى ياكى چۈشۈپ كۆلچەكتىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ھارۋا پېتىپ قالىدىغان - قالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئۇزۇن خادا بىلەن سانجىپ كۆرەتتى. ئۇلار يەنە بىر مەھەل ماڭغاندىن كېيىن ئاتلارنى چىپپىدا توختىتىشقا توغرا كەلدى. بۇ بىر تاغ جىلغىسىنى ئەگىپ ئۆتىدىغان يول ئىدى. دەل شۇ جىلغىدىكى يول دەريا بولۇپ چۈشكەن يامغۇر قىيانىدا كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر ئارىلىقتا توغرىسىغا ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. يار ئېلىپ كەتكەن ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتا جىلغىدىن چۈشۈۋاتقان ئاخىرقى قىيان سۈيى كىچىك ئېرىق ھاسىل قىلىپ شىرىلداپ ئېقىۋاتاتتى. شۇنچە كۈنلەردىن بېرى بۇ يولدا ئۇچرىمىغان ئات ھارۋىلاردىن ئۇن نەچچىسى ئاشۇ ئۈزۈلگەن يولنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە بىرىنىڭ كەينىگە بىرى تىزىلىپ

تۇرۇشاتتى. ئۇ هارۋىلارنىڭ هارۋىكەشلىرىمۇ ئاشۇ يار ئېلىپ كەتكەن يارغا قاراپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇشاتتى.

— پېشكەللىك دېگەن مانا! — باش هارۋىكەش يولنىڭ هەممە تەرىپىنى كۆزىتىپ چىقىپ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. يولنىڭ ئىككىنچى يېنى تىك يار بولۇپ، ئۇ يەرگە هارۋا تۇگۇل ئادەممۇ چۇشەلمەيتتى. بىردەمدىلا بۇ يەرگە هەممە ئولاشتى. تاغ چوققىلىرىدا ئەگىپ يۈرگەن بۇلۇتلار يەنە بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ تېخىمۇ شىددەتلىك قارا يامغۇر پەيدا قىلىشقا هازىرلىق كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇ يەر - بۇ يەردە غۇژمەك - غۇژمەك بولۇشۇۋالغانىدى.

— ئامال يوق، كەينىمىزگە قايتماي بولمايدۇ. بولمىسا قىياندا هارۋا تۇرماق جېنىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز.

— شۇنداق قىلايلى ئاغىنىلەر، قېنى تېزرەك هەرىكەتكە كېلىڭلار، — قارشى تەرەپتىكى قاتار هارۋىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىرى كەينىگە شوخشىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرى شوخشىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە شوخشۇپ يولنىڭ كەڭ جايىغا بارغاندىن كېيىن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەلگەن تەرەپكە بۇرۇماقچى ئىدى.

— بىز قانداق قىلىمىز؟ — باش هارۋىكەش قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈپ لەۋلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ ئانچە يىراق بولمىغان تاغ باغرىغا قاراپ تۇرغان باۋۇدۇن بايدىن سورىدى.

— هەممەيلەننى بۇ يەرگە چاقىر! — بۇيرۇدى باۋۇدۇن باي.

بىردەمدىلا كارۋانلارنىڭ هەممىسى باۋۇدۇن باينىڭ ئالدىدا تەق بولدى. زەيناۋۇدۇن باۋۇدۇن باينىڭ يېنىدا



ئىدى.

— يىگىتلەر! - دېدى باۋۇدۇن باي، — بىزگە باشقا يول يوق، بىز بۇ يولنى ئۆزىمىز ياسايمىز.

— ئۆزىمىز ياسايمىز؟ — توپ ئىچىدىن هەيرانلىق سادالىرى ياڭرىدى.

— شۇنداق، ئۆزىمىز ياسايمىز، ئەنە ئاۋۇ قاپتالدىكى تاشلارنى كۆردۇڭلارمۇ؟ ئۇلارنى توشۇپ بۇ گوداڭغا تاشلىساق بىردەمدىلا تىندۇرۇپ بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن يول پۈتىدۇ. بۇ هېچقانچە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، يولنى تېز ياساپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك، بولمىسا تېخىمۇ خەتەر ئىچىدە قالىمىز، قېنى هەرىكەتكە كېلىڭلار يىگىتلەر، هەر بىرىڭلارغا نەق پۇل مۇكاپات بېرىمەن.

— تېز بولۇڭلار، تېز، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، — باش هارۋىكەش هەممىدىن بۇرۇن ئاۋاز قوشتى. بىردەمدىلا تاغ قاپتىلىدىكى تاشلار كەينى - كەيندىن يار ئېلىپ كەتكەن جايغا تاشلاندى، باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇنمۇ لاي - پاتقاق كېچىپ تاش توشۇماقتا ئىدى.

بۇ ئەهۋالنى ئەڭ بۇرۇن كۆرگەن قارشى تەرەپتىكى ئەڭ ئالدىدا تۇرغان هارۋىكەشلەر بىردەم دىلغۇل بولدى - دە، ئۇلارمۇ بىر - بىرلەپ چۈشۈپ تاش توشۇشقا كىرىشتى. شوخشۇپ خېلى يەرگە بېرىپ قالغان هارۋىلارنىڭ هارۋىكەشلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. «يول ياسىغۇچى قوشۇن» ئىككى يۈزگە يەتتى. بىر سائەتتىن ئوشۇقراق جىددىي ئىشلىشش نەتىجىسىدە، يار ئېلىپ كەتكەن يول تىندۇرۇلۇپ، تىندۇرۇلغان تاشلار ئەسلىي يولدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئاۋۋال قارشى تەرەپتىكى ھارۋىلار ئۆتسۇن، — دېدى باش ھارۋىكەش باۋۇدۇن بايغا مەسلىھەت بېرىپ، — بىزنىڭ يۈكىمىز ئېغىر، تېخى چىڭدالمىغان جايغا ھارۋا سالساق پېتىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكى ئانچە ئېغىر ئەمەس.

— بولىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ ئەپلە، — دېدى باۋۇدۇن باي.

باش ھارۋىكەش ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارشى تەرەپتىكى ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈشىگە قوماندانلىق قىلدى. قارشى تەرەپتىكى بىرىنچى ھارۋا ھېلىقى يولدىن بىمالال ئۆتۈپ كېتىپ نېرىدىكى بوش يەردە توختىدى. ئۇنىڭ ھارۋىكىشى قايتىپ كېلىپ باۋۇدۇن باينىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ رەھمەت ئېيتتى، ئارقىدىن زەيناۋۇدۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن باش ھارۋىكەش بىلەنمۇ شۇ تەرىقىدە كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتى...

قارشى تەرەپتىكى ھارۋىلار تۈگەل ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يېڭى تىندۇرۇلغان جايدا خېلى چوڭقۇر ئويمان ھاسىل بولدى. بۇ ھارۋا چاقلىرى، ئاتلار پەيدا قىلغان چوڭقۇرلۇق ئىدى. بىراق، ئەمدى ھارۋىكەشلەرگە بۇيرۇق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر پەس تاش توشۇپ تىندۇردى ـ دە، ھارۋىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، باۋۇدۇن ئەپەندى، — دېدى زەيناۋۇدۇن ھارۋىلار تولۇق ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، بالدۇرراق تاش توشۇيدىغان گەپكەن. مەنمۇ مانا ساقىيىپلا كەتتىم، — ھارۋىدا كۆلكە كۆتۈرۈلدى.



# كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش

ھۇسەن باي ئىنىسى باۋۇدۇن باينىڭ تېلېگراممىسىنى ئالغان ھامان ھايال قىلماي يەركەنتكە كەلگەنىدى. ئۇ يەركەنتتىكى بىر قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىللە كەلگەن ياردەمچىلىرى بىلەن ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋېلى باي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يەتتەسۇ گوبىرنىسى جايلاشقان قورۇغا كەلدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر، شاخلىرى يېيىلىپ كەتكەن قارىياغاچلار ئارىلىقىدا چىرايلىق ئېگەرلەنگەن ئاتلار باغلاقلىق تۇراتتى. بىر نەچچە پەيتۇنچى ئاتلىرىنىڭ بېشىغا يەم قاچىلانغان تورۇقلارنى كىيدۈرۈۋاتاتتى. ھۇسەن باي پەيتۇندىن چۈشۈپ پەيتۇنكەشنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى گۇۋاھنامىلىرىنى چىقىرىپ دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇلغا كۆرسەتتى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. قورۇنىڭ ئىچى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە تولغانىدى. ئۇ گۈللەر تاش ياتقۇزۇلغان كەڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇپ، ئاشۇ گۈللۈك يول گوبىرنا بىناسىغا ئېلىپ باراتتى، گوبىرنا بىناسى ئۆگزىسىنىڭ قاڭالتىرلىرى يېڭىلا سىرلانغاندەك ياپيېشىل نۇر چېچىپ ۋاللىداپ تۇراتتى. توق بېغىررەڭ ئاقارتىلغان بىنا تاملىرى كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. بىنانى قورشىۋالغان دەرەخزارلىقلار خۇددى گوبىرنا بىناسىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك بىنانى تۆت

ئەتراپتىن ئۇراپ قويۇق سايە تاشلاپ، ئەتراپنى تېخىمۇ خىلۋەت، تىنچ ۋە ئازادىلىككە چۆمدۈرگەنىدى. ئۈچ قەۋەت بىنادىنمۇ ئېگىز ئۆسكەن، يوپۇرماقلىرى كۆپكۆك، غولىغا كىشىنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرى قۇشلار چاڭگىلىرى بىلەن تولغانىدى. پاختەكلەرمۇ «گۇك - گۇك» دېيىشىپ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سايرىشاتتى. كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى ھەممە يەرگە ئاڭلىناتتى. قېرى قارىياغاچلار، دۇپ - دۈگىلەك سېدىلەر ئاستىدىكى مەخمەلدەك يۇمران چۆپلەر ئۈستىگە ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقلار ئورنىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىدە تۈرقىدىن يۇرت چوڭلىرىدەك كۆرۈنگەن، چىرايلىق كىيىنگەن بىر نەچچە كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھۇسەن باي ئۇلارغا يىراقتىن قاراپ كېلىپ، يېقىن كەلگەندە كۆزىنى گۇبېرنا بىناسىغا كىرىدىغان ئىشىككە يۆتكىدى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئىتتىكرەك ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

— ھۇسەن باي ھاجىم، ھاي، ھۇسەن باي ھاجىم! - ئارقا - ئارقىدىن چاقىرغان ئاۋاز ھۇسەن باينىڭ قەدىمىنى توختىتىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ھېلىقى ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا يېڭى بېغىررەڭ دوپپا، ئۈچىسىغا ئىككى يانچۇقلۇق ئۇزۇن كۆك كۆڭلەك كىيىپ بېلىنى كەڭ كەمەردە باغلىغان، پۇتىدىكى ئۇزۇن قونچلۇق پارقىراق ئۆتۈكى غاچىلداپ تۇرىدىغان بۇرۇتلۇق بىر كىشى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۇسەن باي ھاجىم،



قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ھېلىقى كىشى ھۇسەن باي ھاجىمغا سالام بېرىپ ھەم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. ھۇسەن باي بۇ كىشىنى زادىلا تونۇيالمىدى، ئەمما ھەرىكەتلىرىدىن ناھايىتى يېقىن تونۇشتەكلا قىلاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قانداق؟ تىنچ تۇردىڭىزمۇ، ئۆي ئىچىڭىز تىنچلىقمۇ، — جاۋاب قايتۇردى ھۇسەن باي.

— سىز مېنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىدىڭىزغۇ دەيمەن. شۇڭا، مېنى تونۇيالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئېسىم قۇرسۇن، ئادەم قېرىغاندا ھېلى كۆرگەن نەرسىنى ھېلى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، بىراق مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، پەمىمچە سىز موسكۋادىكى ھېلىقى. . . ئورۇسچە ئىسىم قويۇۋالغان...

— ھە، توغرا تاپتىڭىز، مەن شۇ «ئورۇس». سىز ئاخىر غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بوپسىز.

— خۇدا نېسىپ قىلسا. . . شۇ چاغدا سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ تازا خاتا قىپتىمەن. شۇنىڭدىن بۇيان ھېچ ئارامچىلىق يوق. . . — ئىككىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ھال - مۇڭ ئېيتىشتى ۋە بىللە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتى.

— شۇنداق قىلىپ باۋۇدۇن باي بىلەن زەيناۋۇدۇن كېلىۋاتىدۇ دەڭ؟! مانا خۇدا بۇيرۇسا، ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولىدىكەنمىز، ئۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئىنىم باۋۇدۇن باينىڭ خېتىدە ھەم تېلېگراممىسىدا يېزىپتۇ، مانا ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ، — ھۇسەن باي ئىنىسى باۋۇدۇن باينىڭ گېرمانىيىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى،

ئومسكىدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى كۆرسەتتى، — زەيناۋۇدۇن ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم قىلغان، كېيىن مەن ئىنىم باۋۇدۇن بايغا گېرمانىيىگە بارغاندا ئاۋۋال شۇنى تاپ دېۋىدىم، دېگىنىمدەك قىپتۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئىككىسى پەقەت ئايرىلماپتۇ. كېيىن بىلسەم، ئۇ ئەسلىدە غۇلجىلىقكەن ئەمەسمۇ، — دېدى ھۇسەن باي خۇشاللىقتىن يايراپ.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى كۆزىنى خەت ھەم تېلېگراممىدىن ئالماي تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — ھۇسەن باي ھەم خۇشاللىق، ھەم سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا موسكۋادا ئۆزىگە ھەمدەم بولغان ھەم زەيناۋۇدۇننى تونۇشتۇرغان بۇ كىشىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن باقتى.

— گوبېرناتۇر بىلەن يېقىنقى كۈنلەردە كۆرۈشكىلى بولمايدۇ، ئۇ كىشى پېتېربۇرگقا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كەتتى. لېكىن، سىز ئەندىشە قىلماڭ. بۇ يەردىكى ئىشلارنى مەن ئورۇنلاشتۇرالايمەن. ئاۋۋال بىز ئۇسكۈنىلەرنى قويىدىغان جاي ھازىرلىشىمىز كېرەك. ئاندىن باۋۇدۇن باي ئەپەندى كەلگەندە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ نېمە بىلەن توشۇشنى بەلگىلىسەكمۇ كېچىكمەيمىز، ئۇنىڭغىچە گوبېرناتور ۋېلى باي قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئىشىڭىز تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. . .

— بۇرۇتىڭىز بەك يارىشىپتۇ، ياشىرىپ كېتىپسىز. موسكۋادىكىدەك ئەمەس، — دېدى ھۇسەن باي، — بىلىشىمچە يېشىمىز تەڭغۇ، ئەمما سىز ياپياشلا بولۇپ كېتىپسىز.



— ئۇ دېگەن كىشىنىڭ يۇرتى تۇرسا، ئۆز يۇرتى دېگەن باشقا گەپتە.

— توغرا، ئۆز يۇرت دېگەن ئۆز يۇرت، ئۇنىڭغا ھېچ يەرنى تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ، كىشىنىڭ يۇرتىغا چىقىپ باقمىغان ئادەم بۇنى زادى بىلمەيدۇ، كىشىنىڭ يۇرتىدىكى مۇساپىرچىلىق، خورلۇق، ئاھانەت. . . ھە. . . شۇڭا ئۇلۇغلار: «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە، — ھۇسەن باي بارغانسېرى ئەركىن ئازادە پاراڭغا چۈشكەنىدى، — ھە، راست، — دېدى ئۇ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ، — بۇ يەردىمۇ سىزنى ئورۇسچە ئىسىم بىلەن ئاتامدۇ يا ئۆز ئىسمىڭىزنى ئاتامدۇ؟

— ئورۇسچە ئىسىم ئورۇسلارنىڭ يۇرتىدا قالدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە ئۆز ئىسمىم بىلەن ئەينىدىن ئەمىردىن دەپ ئاتايدۇ.

— ئەينىدىن ئەمىردىن، — تەكرارلىدى ھۇسەن باي، — چىرايلىق ئىسىم، «روشەن دىندار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان چىرايلىق ئىسىم، — دېدى يەنە ئۇ ئىسمىغا تەبىر بېرىپ، — ياخشى، مېنىڭ سىزنى تونۇيالماي قېلىشىممۇ ئانچە ئورۇنسىز ئەمەسكەن. ھازىر سىزگە قارىغانسېرى سىزنىڭ بەك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بايقاۋاتىمەن. ئۇ چاغدا سىز ئورۇق، ئىنچىكە ئادەم ئىدىڭىز، ھازىر بولسا بۇرۇتلۇق، تەمبەل، قاۋۇل ئادەمگە ئايلىنىپسىز. بۇ يەردە نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىسىز؟!

— شۇ بۇرۇنقى ئىش. بۇنىڭدىن يەتتە سەككىز يىل بۇرۇن ئىشلىگەن جامائەت ئىشىنى

ئىشلەۋاتىمەن، — جاۋاب بەردى ئەينىدىن.

— ياخشى، تولا ئوبدان ئىش، ساۋابى زىيادە ئىش، — ھوسەن باي دۇگىلەك ساقىلىنى سىيپاپ بىر پەس تۇردى ئاندىن، — سىز مەنمۇ غۇلجىلىق دېدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەنمۇ غۇلجىلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا زەيناۋۇدۇن بىلەن ئاز - پاز ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقىمىز بار، بالىلىقىمىز غۇلجىدا ئۆتكەن، ئىسيان، قوزغىلاڭلارغىمۇ قاتناشقان، كېيىن بۇياققا چىققان. . . قىسقىسى زەيناۋۇدۇن بىلەن مېنىڭ كەچمىشلىرىمىز ئوخشاپ كېتىدۇ، سىز ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟ — سورىدى ھېلىقى كىشى گەپنى يۆتكەپ.

ھوسەن باي ئۆزى چۈشكەن يەرنى، بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىنى دەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن نامازدىگەردىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىمەن، ياردەمچىلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىسىز، ئالتە يىل بۇرۇن موسكۋادا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن مانا ھازىر بۇ يەردە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ. ئوبدان مۇڭداشمىساق بولمايدۇ، ھارۋا بۇيرۇتماڭ، سىز دېگەن بۇ يەرگە مېھمان، مېھماننىڭ ئۈچ كۈن مېھمان بولۇش ھەققى بار، شۇ ھەققىڭىزنى تۆلىۋەتمىسەم بولمايدۇ.

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت. . .

ھوسەن باي بۇ كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ پەيتۇنغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇردى - دە، پەيتۇنكەشكە خۇشخۇيلۇق بىلەن بۇيرۇدى:

— چۈش پېشىنغىچە يەركەتنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى



ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىڭ، ياخشى ئاشپۇزۇلدا غىزالىنايلى، ۋېلى باي يەركەتكە كاتتا مەسچىت سالدۇردى دەپ ئاڭلىدىم، پېشىن نامىزىنى شۇ يەردە ئۆتەيلى، نامازدىن كېيىن مەن چۈشكەن جايىمغا قايتىپ ئازىراق ئارام ئالاي.

يەركەتنىڭ كوچا - مەھەللىلىرى خىلۋەت ھەم سالقىن ئىدى. ئۈستى تۈز، سوقما تاملاردىن سېلىنغان ئۆيلەر، قورۇلارنىڭ تاملىرى ئىشىك ئالدىلىرىدىكى لاي سۇپىلارغىچە ئاپئاق ئاقارتىلغان بولۇپ، ئىككى ئېرىق سۈزۈك سۇ يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلىك، باغلىق قورۇلارنىڭ ئالدىدىن توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. سۇ سېپىلىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى تۈپ يوغان ئاق تېرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاختايدىن قىلىنغان ياكى ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە كېسەكتىن قوپۇرۇپ ياسالغان ئورۇندۇق، سۇپىلاردا ئاق كۆڭلەك، قارا تامبال كىيگەن ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. يېرىم يالىڭاچ بۇدرۇق بالىلار ئېرىق بويلىرىدا لايدىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينىشاتتى. يوللاردا ئاتلىق، ھارۋىلىق ھەم پىيادە يولۇچىلار، كالا - قويلارنى ھەيدىگەن چارۋىچىلار، ئەپكەشنىڭ ئىككى بېشىغا ئوندىن، ئون بەشتىن كۆلچەكلەرنى ئاسقان سۇتچى بالىلار يەركەتنى جانلاندۇرماقتا ئىدى...

# قايتا ئۇچرىشىش، قايتا تېپىشىش

ھۇسەن باينىڭ يەركەتكە كەلگىنىگىمۇ ئۇن كۈندىن ئاشقانىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ گوبېرنىيە جامائەت خىزمەتچىسى، موسكۋادا تونۇشقان ياردەمچىسى ئەينىدىن ئەمىردىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەركەتتىكى بىر باينىڭ قىشلاقلىقىنى يولدا كېلىۋاتقان زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى قويۇشقا تەييارلىدى. بۇ قورغاسقا ماڭىدىغان يول بويىدىكى ئۇن مودەك كېلىدىغان، ئەتراپىغا تۆت چاسا قىلىپ لاپاس ياسالغان، مال قىشلايدىغان قورۇ ئىدى. لاپاسنىڭ تورۇسىنى بۇلتۇردىن قالغان بېدىلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇراتتى. يېڭى بېدىلەرنىڭ بېسىلىشىغا تېخى بالدۇر ئىدى. لاپاس تورۇسى قوپال بولسىمۇ مەزمۇت تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئايلانما لاپاسنىڭ ئىچى ئات، كالا، قويلار ئۈچۈن غورولار بىلەن ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يىلدا بىر نەچچە يۈز ئات، بىر نەچچە يۈز كالا، بىر نەچچە مىڭ قوي قىشلايتتى. لاپاسنىڭ ئوتتۇرىسى ئوچۇقچىلىق مەيدان بولۇپ، ئۇ يەرگە ھارۋىلارنى بەھۇزۇر ئېلىپ كىرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، ھۇسەن باينىڭ زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى كەڭ كۇشادە سىغدۇرغىلى بولاتتى. ھۇسەن باي يولدا كېلىۋاتقان ئۈسكۈنىلەرنىڭ زادى قانچىلىك يەرنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا تېخى بىر نېمە دېيەلمىسىمۇ، ئەمما ئەينىدىن بىلەن بىر نەچچە كۈن مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ يۈرۈپ



ئاخىر مۇشۇ يەرنى بېكىتىپ، تازىلىتىپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن تاملىرىنى قايتىدىن قوپارتىپ، بىر تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ ئاچىدىغان دەرۋازا ئورنىدىكى چوڭ غورونى پۇختىلىتىپ قويغانىدى.

گوبېرناتور ۋېلى بايمۇ پېتېربۇرگتىن قايتىپ كەلگەن ھامان ھۇسەن باينى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ قوبۇل قىلدى، ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ چەبدەس چەۋەنداز يىگىتلەرنى ياراملىق ئارغىماقلارغا مىندۇرۇپ بىر كۈنلۈك يولغا باۋۇدۇن باينىڭ ھارۋا كارۋىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن ئارام ئالىدىغان ئۆيلەرنى، كۈتۈپ ئالىدىغان سورۇنلارنى تەق قىلىشقا بۇيرۇدى. بىراق، ئۇلاردىن خەۋەر يوق ئىدى. بىر كۈنلۈك يولغا ئەۋەتكەن خەۋەرچىلەرمۇ ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. ھۇسەن باي ئۈچۈن تەقەززالىق كۈنلەر باشلاندى. ئۇ ھاياتىدا ھېچقانداق بىرسىنى بۇنداق تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئەتىگەندە چىقىپ يولغا قارىغانچە كەچتە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلەتتى.

— بۈگۈنمۇ تىپتىنچ، مانا مەن بۇ يەرگە كەلگىلىمۇ ساق يىگىرمە بەش كۈن بولدى، — دېدى ئۇ تولىمۇ مەيۈسلەنگەن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

ياردەمچىلىرىمۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە كۈندە دەيدىغان شۇ گەپنى تەكرارلاشتى.

— نېمە بولدىكىنە؟ ئەستاغپۇرۇللا.

باۋۇدۇن باينىڭ سىمپولاتسكىدىن ھارۋىلار بىلەن يولغا

چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭغا باۋۇدۇن باينىڭ ھارۋىلارغا ئۇسكۇنىلەرنى بېسىپ قويۇپ دەل يولغا چىقىش ئالدىدا بەرگەن تېلېگراممىسى گۇۋاھ ئىدى. بۇ تېلېگراممىدا ئۇنىڭ گېرمانىيىدىن قوزغالغان چاغدا يازغان خېتى بىلەن بىللە ئۇنىڭ تۆش يانچۇقىدا تۇراتتى. بۇ خەت ھەم تېلېگراممىنى ئەينىدىن ئەمىردىنمۇ كۆرگەنىدى. ھەتتا ۋېلى بايمۇ كۆرگەنىدى. ھۆسەن باينىڭ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئۇقۇشىچە، بولۇپمۇ گوبېرنىيىدىكى بۇ يوللارنى بىر نەچچە قېتىم ماڭغان خادىملارنىڭ ئىشەنچىلىك گەپلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەڭ كېچىككەندىمۇ يىگىرمە كۈندە كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ھازىر توپتوغرا يىگىرمە بەش كۈن بولدى، تېخىچە بىرەر شەپە كۆرۈنمەيتتى. باۋۇدۇن باينىڭ مۇنداق كېچىكىپ كېتىشى بارا - بارا ئەنسىزلىككە، ساراسىمىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق ئەنسىزلىك ھۆسەن بايدىن، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەينىدىن ئەمىردىنگە ھەتتا ۋېلى بايغا، ئاندىن پۈتكۈل يەركەت جامائىتىگە تاراۋاتاتتى. ئاخىر تاقىتى تاق بولغان ھۆسەن باي تۆت ئاتلىق پەيتۇندىن بىرنى كىرا قىلىپ باۋۇدۇن باينىڭ ئالدىغا مېڭىشقا جابدۇندى. ۋېلى باي گوبېرنىيىدىكى چەۋەندازلاردىن تۆتنى ھەم بىر بىرىچكا ھارۋىغا ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلاپ، ھۆسەن بايغا ھەمراھ قىلىپ يولغا سالماقچى بولدى.

ناماز بامداتتىن كېيىن ھۆسەن باي بۇيرۇتقان تۆت ئاتلىق پەيتۇن ھۆسەن باينىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ توختىدى، ھايال ئۆتمەي لىق نان - توغاچ، مېۋە - چېۋە قاچىلانغان بىرىچكىمۇ يېتىپ كەلدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر



چەۋەندازلار كېچىكىپ قالغانىدى. باۋۇدۇن باينىڭ كېلىشىنى تولا كۈتۈپ تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن ھۆسەن باي بۇ تۆت چەۋەندازنىڭ تېخىچە يېتىپ كەلمىگىنىدىن ناھايىتى خاپا بولدى.

— بولدى، يولغا چىقىۋېرەيلى، ئۇلار كەينىمىزدىن يېتىشەر! — دېدى ھۆسەن باي زەردە بىلەن، ئاندىن ياردەمچىلىرىنى بۇيرۇدى، — بۇياققا كېلىڭلار!

دەل شۇ چاغدا كوچىنىڭ بېشىدىن قىقاس — چوقان كۆتۈرۈلدى.

— كېلىۋاتىدۇ، ھارۋىلار كېلىۋاتىدۇ!

— بولۇڭلار، چاپسان بولۇڭلار!

— دەرھال گوبېرنىغا خەۋەر قىلايلى!

بۇلار ھېلىقى چەۋەندازلار ئىدى. ئۇلار ھۆسەن بايغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇپ، گوبېرنىغا قاراپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ھۆسەن باينىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك پەيتۇنغا چىقتى ۋە يەنە يېنىپ چۈشتى. ئاندىن پىيادە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئۇزاقتىكى يولغا قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى.

يىراقتا قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلەتتى. قارا بولۇتتەك توپا - چاڭنىڭ ئىچىدىن قۇرتتەك، قوڭغۇزدەك بىر نېمىلەر ئۆمىلىگەندەك قىلاتتى، ئۇ قۇرت - قوڭغۇزلار بىر - بىرىگە چېتىلىپ يىلاندەك تولغىنىپ ھۆسەن باي كۆزىنى قىسىپ قاراپ تۇرغان تەرەپكە سىلجىشاتتى. . . ئۇ ھەقىقەتەن ھارۋىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ چايقىلىپ - چايقىلىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— يېتىپ كەپتۇ، ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، خۇداغا شۈكرى، — دېدى ھۆسەن باي خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

— يېتىپ كەپتۇ، ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، — تەكرارلىدى باشقىلار.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەھەللىنىڭ ئىچى، يولنىڭ ياقىلىرى ئادەملەر بىلەن تولدى، بالىلار ۋارقىرىشاتتى، جارقىرىشاتتى، چوڭلار ئۇلارنى چەتتە تۇرۇشقا ھەيدەيتتى. چاقلىرى پاتقاقتا مىلەنگەن، ھەممە يېرىنى توپا باسقان، ئۈستىگە قېلىن بىرېزېنت يېپىلغان ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان كېلەڭسىز ئۇزۇن ھارۋا بىرىنچى بولۇپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئاتلار دۈپۈرلەپ، ھارۋىكەشلەر قىيا - چىيا قىلىشتى. ھارۋا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. ھارۋىدىن ئۈستۈۋېشىنى قېلىن توپا باسقان، كۆزلىرىلا پارقىراپ تۇرغان باش ھارۋىكەش ئاۋۋال سەكرەپ چۈشتى، ئارقىدىن خۇددى ھارۋىكەش ئوخشاش، توپىدىن قىزىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن ئورۇق، ئىنچىكە ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن سوڭدىشىپلا ساقاللىق ھەم بەستلىك يەنە بىرسى چۈشتى. توپلاشقان خالايىقنىڭ ئەڭ ئالدىدا تورغان ئىككى ئادەم توپتىن ئايرىلىپ ھېلىقى ئىككى كىشىگە ئېتىلدى.

— زەيناۋۇدۇن! زەيناۋۇدۇن!

— باۋۇدۇن! باۋۇدۇن!

بۇلار ھۆسەن باي بىلەن ئەيىندىن ئىدى. ئۇلار شۇ بارغانچە ئۈستىۋاشلىرى توپىغا مىلەنگەن، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن ئۇ ئىككىيلەننى باغرىغا بېسىپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. ئۇلار بىر قاراپلا ئۆزلىرىنىڭ



قېرىنداشلىرى، سەپداشلىرى ھەم جان - جىگەرلىرىنى تونۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ ئاخىر يەنە ئۇچرىشىشقانىدى، قايتىدىن تېپىشقانىدى. . . ئۇنىڭغىچە قالغان ھارۋىلارمۇ توختاپ، ئۇلاردىنمۇ ھارۋىكەشلەر، تېخنىكلار چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئەپتىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشمايتتى.

— كۆپچىلىك سۇ ئېلىپ كېلىڭلار، سۇ! - كىمدۇر بىرى توپلاشقان خالايىققا بۇيرۇق قىلدى. بىر پەستىلا ئۆي - ئۆيلەردىن چۆگۈن، چىلاپچا، چېلەك، لۆڭگىلەرنى كۆتۈرگەنلەر ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ قوللىرىغا سۇ قۇيۇشتى. بەزى ھارۋىكەشلەر ئېرىقلارغىلا بېشىنى تىقىپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ئۇساپ چاڭقاپ كەتكەنلەر گۇپۇلدىتىپ سۇ ئىچىشەتتى. . .

شۇ كۈنى يەركەنتتە ھېيت بولغاندەك چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال كوچىغا دەۋرەپ چىقىشقانىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇنداق ھارۋىلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

شۇ كۈنى ھەممىدىن قىزىق تاماشا بالىلارغا بولدى. ئۇلار بىردەمدىلا ھارۋىلارنىڭ ئۈستىلىرىگە چىقىۋالدى، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى قىزىقسىنىپ سىلاپ، تۇتۇپ، تېپىپ، ئۇرۇپ بېقىشتى، بەزى قورقۇمسىزراقلىرى ھەتتا ئاتلارغا مىنىۋالدى، شاشراق ئاتلارنى مىنىۋالغانلار ئاتلارنىڭ يۇلقۇنۇشلىرىدىن قورقۇپ يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋېلىشتى. مەھەللە يېقىملىقھارۋا مېيىنىڭ پۇرىقىغا تولدى. بۇ پۇراق ھارۋا بىلەن كەلگەن ھەممە ئادەمدىن، باۋۇدۇن بايدىن، زەيناۋۇدۇندىن ۋە باشقىلاردىن توختىماي تارىماقتا، ئۇنىڭ

خۇشبۇي ھىدى پۇتكۇل يەركەتنى قاپلىماقتا ئىدى. . .

— ھاي، نېمە قاراپ تۇرۇسلەر، مېھمانلارنى باغقا باشلاڭلار، — بۇ ئەيىندىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ گوبېرنا خادىملىرىدىن بىر نەچچىسىگە بۇيرۇق قىلدى. بىر نەچچە ياش خادىم دەرھال ئېسىگە كەلگەندەك، ئىشقا كىرىشتى ۋە:

— قېنى ھۇسەن باي ھاجىم، باۋۇدۇن باي ئەپەندى، — بۇياققا مەرھەمەت، — دەپ باشلىدى.

— ھاي ھارۋىكەش، ئەمدى قاراپ تۇرماي بىرىچكىنى ئاشۇ باغقا ھايدا، — باۋۇدۇن باينىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەييارلىغان، يېمەكلىك قاچىلانغان بىرىچكىنىڭ ھارۋىكىشىگە ۋارقىرىدى ئاتلىق بىر يىگىت، — قېنى مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ.

ئەڭ ئالدىدا ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي، ئارقىدا زەيناۋۇدۇن بىلەن ئەيىندىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ياردەمچىلەر، تېخنىكلار، ھارۋىكەشلەر ئۆزلىرىنى ئوراپ ئالغان يەركەت جامائىتى بىلەن بىرلىكتە مېھمانلار ئۈچۈن داستىخان ھازىرلانغان باغقا قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۇسكۇنىلەردىن ئەنسىرىشىنىڭ، يۈك - تاقلىرىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن غەم يېيىشىنىڭ، سۇرۇك توشۇپ قېلىپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن خاۋاتىرلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئاخىر ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ، ئۆز سەپداشلىرىنىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت، ئامان - ئېسەن كېلىۋالغانىدى، شۇنداقلا مۇشەققەتلىك تولىمۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بۆلۈكى تۈگىگەنىدى. . .



# ۋېلى باينىڭ سەپەرۋەرلىكى

يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان يەركەت شەھىرىدە ھايات يەنە ئۆز قېلىپىغا چۈشكەنىدى. ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى يەتكۈزۈپ كەلگەن ھارۋىكەشلەر بۇ يەردە ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ھارۋىلىرىنى يۇيۇپ پارقىرىتىپ، رېمونت قىلىدىغان جايلىرىنى رېمونت قىلىپ، ياسايدىغان يەرلىرىنى ياساپ، ئىش ھەقلىرىنى تولۇق ئېلىپ قايتىپ كېتىشكەندىن كېيىن، شەھەر بوشاپ تىنچىپ قالغانىدى. بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى، ھارۋا كارۋىنىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئوينايدىغان «مۆكىمۆكىلەك»، «سوقۇش»لىرى يەنە بۇرۇنقى جايلىرىغا — پادىخانىلارغا، خامانلارغا، ئورمانلىقلارغا كۆچكەنىدى. شۇڭا، مەيلى كۈندۈزى ياكى كەچلىرى بولسۇن يەركەت ئېغىر سۈكۈتكە چۆككەندەك بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن يەركەت يەنە جانلىنىپ كەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن ۋېلى باي مەسچىتى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن، ھارۋىدىن، كالاسكىدىن، پەيتۇندىن چۈشكەن، ھەر خىل كىيىنگەن، ھەر خىل ياشتىكى، تۈرلۈك كەسىپلەرنى قىلىدىغان ئادەملەر ئاتلىرىنى دەل - دەرەخلەرگە باغلاپ ئالدىغا بېدە سېلىپ ياكى بوينىغا توۋرا سېلىپ، ئۆزلىرى ئالدىراش تاھارەت ئېلىشقا، تاھارەتلىرىنى يېڭىلاشقا

كىرىشتى. چۈنكى، جۈمە ۋاقتى بولاي دەپ قېلىۋاتاتتى.

بىردەمدىلا ۋېلى باينىڭ مەسچىتى ئەتراپىلا ئەمەس، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى كوچىلار، مەھەللىلەرمۇ ئات ـ ئۇلاغ ھەم ھارۋىلارغا تولدى، ئادەملەر مىغىلداپ كېتىشكەندى. بۇگۈن بۇ يەرگە جۈمە نامىزىغا كېلىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى يەركەتلىكلەرلا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىق بىر قونۇپ كەلگەنلەرمۇ، كېچىچە ئۇخلىماي يول مېڭىپ كەلگەنلەرمۇ، ھارۋىدا ئۇخلاپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. يەركەت ئاھالىسى ئادەتتە پىيادە كېلىشەتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن بۇنچىلا كۆپ ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە توپلانغىنىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېزا ئاقساقاللىرى، بەگلىرى، يىگىت باشلىرى يەنى يۇرت چوڭلىرى ئىكەنلىكىدىن، بۇگۈن بۇ يەردە قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىش بولىدىغاندەك ئىدى.

— جۈمەدىن كېيىن ۋېلى باي تۆرە ۋەز ئېيتقۇدەك، گوبىرنىنىڭ چاپارمىنى بۇرناكۇن شۇنداق دەپ خەۋەر يەتكۈزدى، — دېدى يىراقتىن كەلگەن كەكە ساقاللىق، ئۈستىگە كىيگەن يالتىراق تون، پارقىراق مەسە ـ كالاچ، گۇللۇك قىزىل بۆكىدىن يېزا ئاقساقىلى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىرى، ئۆزى بىلەن ياندىشىپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقان يەركەتلىك بىر تونۇشىغا پەس ئاۋازدا.

— شۇنداقمۇ، ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە! ؟ — چۈشەنگەندەك ئاۋاز قاتتى ياندىكى كالتە چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىۋالغان كىشى.

جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەممە كىشى ۋېلى باي مەسچىتىنىڭ قورۇسىدىكى كەڭ مەيدانغا توپلاندى.



ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەسچىتنىڭ كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز سۇپىسىدا يۆلەنچۈكلىرىگە ئارتىلدۇرۇپ قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان ئورۇن، مەزمۇت ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان كىشىلەردە ئىدى.

مەسچىت قورۇسى، پەشتاقلار، پەشتاققا چىقىدىغان شوتىلار، مەسچىت ئىچى، گۈللۈك تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا زىچچىدە تۇرۇشقان شۇنچە نۇرغۇن ئادەم خۇددى قىيامدا تۇرغاندەك تىنىش چىقارمايتتى. شۇڭا، مەسچىتنىڭ ئازادە ھەم كەڭ قورۇسىنى قورشىۋالغان دەرەخلەردىكى قۇشلار خۇددى بۇ يەرگە مۇنچىلا نۇرغۇن ئادەمزاتنىڭ توپلانغانلىقىغا ھەيران قېلىشقاندەك، بىر ـ بىرىگە بۇ ئاجايىپ ئىشتىن خەۋەر بېرىشىپ بار كۈچى بىلەن ۋىچىرلىشاتتى. پۇرۇلداپ ئۇچۇپ بىردە ئۇ، بىردە بۇ دەرەخكە قونۇشاتتى. ھەتتا، بىر مۇنچىلىرى توپ ـ توپ بولۇپ مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ قاڭالتىرىغا قونۇشۇۋالغانىدى.

— مۆھتەرەم جامائەت، — ھېلىقى ئورۇندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان، ئۈستىگە باشتىن بويىغا سارغۇچ چۈنچەندىن ئۈستىۋاش كىيگەن، قوش ئېڭەكلىك، ئاپئاق، قىسقا بۇرۇتى قىزىل يۈزىگە خوپ ياراشقان، نېپىز چاپىنىنىڭ تۈگمىسىگە باغلانغان ئالتۇن زەنجىر مەيدە يانچۇقى بىلەن تۈگمە پەتلىسى ئارىلىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان گەۋدىلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە بىر قۇر كۆز سېلىپ چىققاندىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس، يۇقىرىمۇ ئەمەس تۆۋەنمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋازى سورۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغانلارغا قانداق ئاڭلانسا، ئەڭ ئارقىدىكى، ھەتتا

ئەڭ چەتتىكى بۆلۈك، قىسساڭلاردا تۇرۇپ قالغانلارغىمۇ شۇنداق ئاڭلىنىۋاتاتتى. كۈمۈشتەك قىسقا چاچلىق بېشىغا كىيگەن قىزىل بۆكى خورازنىڭ تاجىسىدەك ئۆزگىچە جۇلالىنىپ، ۋالىلداپ تۇرغان ئۇزۇن قونچلىق قاپقارا ئۆتۈكى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئاق چوققىدەك مەزمۇت گەۋدىسىگە ئاجايىپ بىر ئۇلۇغۋار تۈس بەرگەنىدى.

بۇ كىشى يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ گوبىرناتورى ۋېلى باي ئىدى.

— مەن ئاۋۋال سىلەرگە بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز ھەم قان قېرىندىشىمىز ھۇسەن باي ھاجىم بىلەن باۋۇدۇن باي ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، — ۋېلى باي شۇنداق دېدى - دە، ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينى تونۇشتۇردى. ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي نۆۋەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىكى ھەم ئارقىدىكى جامائەتكە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەت» دەپ سالام بەرگەندە، جامائەت بىردەك: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ياڭراق ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى.

بۇ ئاۋازلاردىن مەسچىتنىڭ ئىچى - تېشى بىر مەھەل زىلزىلىگە كەلدى. ئۆگزىلەرگە قونۇۋالغان توپ - توپ قۇشلارمۇ ئۈشتۈمتۇت چىققان بۇ سادالاردىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرۈشتى - دە، ئاستا - ئاستا يىراقتىكى دەرەخ ئۇچلىرىغا ئېھتىيات بىلەن قونۇپ، ئۆز تىللىرى بىلەن چۇرۇقلىشىپ، بىر - بىرىگە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكە كىرىشتى.

— بىزنىڭ مۇشۇ ئەزىز مېھمانلىرىمىز ھەم قان قېرىنداشلىرىمىز خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، ئۆزلىرىنىڭ



جاسارىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل مال - دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ، ئۇزۇن يىل مۇساپىرچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، چەت ئەللەردىن ئىلغار ئۇسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى ئىش بىلەن، نان بىلەن، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇپ، كۆزىنى ئاچىدىغان زور بىر زاۋۇت قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

— زاۋۇت! پاھ، زاۋۇت قۇرماقچىكەن!

— ئاشۇ ئىككى ئادەم - ھە؟ بىز تۈگمەن قۇرۇشقا قۇربىمىز يەتمەي ئورۇسلارنىڭ تۈگمىنىگە قاراپ قېلىۋاتقان يەردە . . .

جامائەت بىر مەھەل غولغولا قىلىشتى.

— بىز يەتتەسۇ خەلقى، — ۋەزمىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى ۋېلى باي، شۇئان ھەممە جىم بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەركەتنىڭ گوبىرناتورىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇلار گوبىرناتور ۋېلى باينى شاپ بۇرۇت، سول كۆكرىكىگە چار پادىشاھ مۇكاپاتلىغان ھەر خىل ئالتۇن كۈمۈش ئوردىنلارنى نەچچە قۇر قىلىپ تاققان، زەرپاگۈنلۈق، ئۇزۇن قىلىچ ئاسقان، سۈرلۈك ئادەم، دەپ ئاڭلاشقانىدى، — يەتتەسۇ جامائىتى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرى، جاپالىق مېھنەتلىرىنىڭ يوققا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللا يولىدا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىشىمىز، خۇددى ئاللانىڭ ئۆيى، يەتتەسۇيىمىزنىڭ كۆزى بولغان مۇشۇ مەسچىتنى ياسىغاندەك ھەممىمىز ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك، — ۋېلى باي تۇرغان ئورنىدا سەل قىمىرلاپ، ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە كەڭ يېيىپ

مەسچىتنى كۆرسەتتى.

— ياردەم ئايلانسۇن!

— ياردەم قىلىشقا بىز تەييار!

— قولىمىزدىن كەلگىنىنى ئايىمايمىز!

ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي خۇشاللىقتىن بىر-بىرىگە قاراشتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ قۇچاقلاپ چىققۇسى، ئۇلارغا كۆڭلىدىكى ئەڭ ئىسسىق گەپلىرىنى ئېيتقۇسى، يەنە ئاللىقانداق رەھمەتلەرنى ياغدۇرۇۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ياردەمچىلەرمۇ، گوبىرنىنىڭ خادىملىرىمۇ شۇ ھېسسىياتتا ئىدى.

— مۆھتەرەم جامائەت، — يەنە ۋېلى باينىڭ تەمكىن ئاۋازى ياڭرىدى، — قېرىنداشىمىز ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ جامائەتكە، خەلققە پاراۋانلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەردىن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئېلىپ كەلگەن ئۇسكۇنىلىرى ھازىر بىزنىڭ يەركەنتتە، قورغاش يولىدىكى بىر لاپاستا بىزنىڭ يۆتكەپ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىز يەركەنت بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى يوللارنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز، بۇياقتىن ئۇياققا ئاتلىق، ھارۋىلىق بىر قۇنۇپلا ياكى بىر كېچىدىلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئۇسكۇنىلەرنى بىر كېچىدىلا كۆتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ كۆپ ھارۋا، تۆت ئات، ئالتە ئات، ئون ئات سۆرەيدىغان ھارۋىلار، شۇ ھارۋىلارنى كۆتۈرەلەيدىغان كۆۋرۈكلەر، ئاشۇنداق ھارۋىلار مېڭىشقا لايىق يوللار كېرەك. ئاشۇنداق ھارۋىلار، كۆۋرۈكلەر، يوللار ناھايىتىمۇ چاپسانلىق بىلەن ياساپ پۈتتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يول



ياسىغۇچىلار، ئۇستا تۆمۈرچىلەر، ئۇستا ياغاچچىلار ھەم ئۇستا پىلانچىلار كېرەك، — ۋېلى باي بىر پەس توختاپ ئۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان جامائەتنىڭ ئويىنى بىلمەكچى بولغاندەك ھەممىگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن دەل ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىر يەتتەسۇ تەۋەسىدە دېھقانلار تازا ئالدىراش ۋاقىت، ھەممە يەردە خامان تېپىش باشلىنىپ كەتتى. ئات-ئۇلاغ، ياراملىق يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىز بېشىدا يېتىپ-قوپۇپ كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ «شەھەر ئېلىۋاتىدۇ». تاغدىن ماللارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس، ئاتلارنى تولۇقتىن چىقىرىپ ھارۋىغا، ھارۋىدىن چىقىرىپ تولۇققا قېتىپ ئىشلىتىۋاتىمىز، شۇنداق بولسىمۇ يەركەنتتىن ئىلى چېگرا سىغىچە بولغان يول، كۆۋرۈكلەرنى پۈتكۈزۈپ ئۇسكۇنىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭالىغۇدەك پۇختا ھارۋا ياساپ ئۇسكۇنە توشۇش ئىشىنى تاماملاشنى پۈتكۈل يەتتەسۇ تەۋەسىگە چاچتۇق. مەن ئۆز نامىمدىن بۇ يەرگە يىغىلغان يۇرت چوڭلىرىدىن، جامائەتتىن بۇ ئىشنى ئۆز ئىشىمىز، قېرىنداشلىق بۇرچىمىز، ۋىجدانى قەرزىمىز دەپ بىلىپ، پاك-نىيەت، سەممىي ئىخلاسىمىز بىلەن ئادا قىلىشىنى سورايمەن! — ۋېلى باينىڭ سۆزى تۈگىگەنىدى. ئەمما، جامائەت ۋېلى باينىڭ ئاغزىغا تېخىچە قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلار چۆچۈگەندەك ئېسىگە كەلدى ۋە تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىراشقا باشلىدى.

— بىزگە يارلىق چۈشۈرۈپ بېرىلسۇن!

— گوبىرناتور يارلىق چۈشۈرسۇن!

— جامائەت، تىنچلىنىڭلار! جامائەت، خەپ شۇك!

سۈپىنىڭ چېتىدە ۋېلى باينىڭ ئولتۇرغان جايىدىن

ئىككى قەدەم نېرىدا قولىغا خورۇم پاپكا تۇتقان ئەيىندىن پەيدا بولدى. ئۇ يەنىلا بېلىگە تاسما كەمەر باغلىغان كۆڭلەك، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا دوپپا كىيگەنىدى، — بۈگۈن مەسچىتكە كەلگەن بارلىق جامائەتكە ئاش تارتىلىدۇ، ئورنى گوبىرنا بېغىدا. تاماقتىن كېيىن ھەر بىر يېزا ئاقساقىلى، يۇرت كاتتىلىرىغا گوبىرنىنىڭ يارلىقى تارقىتىلىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى ئۇ. سۇپىدا ئولتۇرغان ۋېلى باي تەنتەنىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ، سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئاق سەللىلىك ئىمامغا قارىدى. ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئاللا تائالا ئىگەم كۆپنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتقاي، جامائەتنىڭ رىزقىنى زىيادە قىلغاي، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق بەرگەي، تىلەك - ئارزۇلىرىغا يەتكۈزگەي، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!

دۇئادىن كېيىن جامائەت ئىككى تەرەپكە قىستىلىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى كىشى سىغقۇدەك يول ئاچتى. ۋېلى باي ئىككى ياردەمچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇسەن باي، باۋۇدۇن باي ھەم ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى چۈشۈپ ئىككى سەپكە ئايرىلغان جامائەت ئارىسىدىن ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ھەيۋەتلىك تۆمۈر قاناتلىق مەسچىت دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى...

— ۋېلى باينىڭ سەپەرۋەرلىكى ناھايىتى تەسىرلىك بولدى، — دېدى تاتارغان چىرايىغا كۈلكە ئولاشقان زەيناۋۇدۇن ئەيىندىنىڭ قولنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى ھەممە ئىش سەندە قالدى.

— ھەممە نەرسە تەق، يارلىقنى بۈگۈنلا ھەممىسىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىمەن - دە، يولغا سالىمەن، — دېدى ئەيىندىن.



# خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشكېزەك

سۇپسۇزۇك ئاسمان خۇددى دالادىكى كۆپكۆك چىغلىقلاردەك، ئادەتتىن تاشقىرى تىنىق كۆك رەڭدە بىپايان تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تاۋلىناتتى. ئەتراپ شىۋاقلارنىڭ، ئەمەنلەرنىڭ، لويلا - كۆكاتلارنىڭ، ئادراسمانلارنىڭ پۇرىقىغا تولغانىدى. بۇلۇتسىز كۆك ئاسماندا پارلاپ تۇرغان قۇياش ئوتتەك ھارارىتى بىلەن دالادىكى ھەممىنى قۇرۇتۇپ كۆيدۈرمەكچى بولغاندەك يارقىن نۇر چاچاتتى. دالانىڭ غۇر - غۇر شامىلى بولىسا قۇياش تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن تەبىئەتنى سالقىنلىتىپ، ئۇلارنى قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئاتلانغاندەك قىلاتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپا، چىم، شېغىل تاشلارنى كولاپ ياسىلىۋاتقان يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىماي توپا تاشلاۋاتقان قۇرامىغا يەتكەن ياش يىگىتلەرنىڭ يوغان، ئۆتكۈر كەتمەنلىرى قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ، تۇساتتىن ئۇلارغا قاراپ قالغان كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. يەركەتتىن تارتىپ يىراقتىكى ئۇپۇققا، يەنى ئىلى تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ھەم يول ئۈستىدە ئادەملەر مىغىلدايتتى. ھەممىلا يەردە ئىش قايىنىغان، كەتمەنلەر تاشقا تېگىپ تاراڭلايتتى. يۇمشاق چىملارغا گۇرسۇلدە كىرىپ قۇلىقىغا كەلگۈچە پېتىپ

كېتەتتى، گۆپۈلدىتىپ توپا ئېتىۋاتقان، تېگى تەكشى كۆتەكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە قوزۇق قېقىپ، ئۈستىگە تۈتقۇچ بېكىتىپ ھە - ھۇ بىلەن «گۈپ - گۈپ» قىلىپ يول چىڭداۋاتقان ئاۋازلار قۇلاققا سىڭىپ كەتكەنىدى.

يەركەتمۇ، ئۇسكۇنىلەر بېسىلغان لاپاسلىق قىشلاقمۇ ئاللىقاچان يىراقتا قالغانىدى. يولچىلار ئەمدى ئايدالاغا ياسالغان كەپىلەردە، لەمپىلەردە قىستىلىشىپ يېتىشاتتى، شۇ ئايدالاغا قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ئاشخانىلاردا قولىغا چىققانلىكى ياغاچ، شاخ - شۇمبا ياكى قاتتىقراق ئەمەنلەرنىڭ غولى بىلەن خام - خاتا پىشقان ياڭيۇ، سەۋزە، چامغۇرلارنى ئاغزىغا ئىتتىرەتتى.

— قارا ئاداش، بۇ ئايدالادا دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ ئىشلەۋاتقىنىمىزغا توپتوغرا تۆت جۇمە بوپتۇ، ئۆزۈم تارتىۋالغان چۈرۈقۇمنىڭمۇ تېتىلىپ جۇلىقى چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى تىك ياقىلىق رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ئەمما بىر نەچچە يېرىگە قارا ياماق چۈشكەن كۆڭلەك كىيگەن، ساقاللىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ئۆسۈپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى تەمبەل يىگىت، كانەيچە ئورالغان ئاچچىق موخۇركىنىڭ ئىسىنى جاۋغىيىدىن چىقىرىپ، يېنىدا ئاسمانغا قاراپ ئوڭدىسىغا ياتقان ئۆزى بىلەن قۇراملىق بىرسىگە قاراپ.

— ئالدىرىما، بۇ ئىشمۇ تۈگەيدۇ، ھۇسەن باينىڭ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ قالسا پۇتۇڭغا چورۇق تارتىپ يۈرمەيسەن، سەنمۇ ئۆتۈك، بەتىنكە، چېتىك دېگەنلەرنى كىيىدىغان بولىسەن. بىراق، قورساقتىن قىيناۋاتقىنى يامان بولدى دېگىنە. بىزگە ۋەدە قىلغان كىيىم - كېچەكلىرىنى



بەرمىسىمۇ مەيلى، كۈندە قۇرۇق چاي بىلەن قاتتىق ناننى يەۋەرسەك، كەتمەن تۇرماق ئۆزۈڭنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ كېتىدىكەنسەن. . . — يولچىلار دالانىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرى، يامغۇر - يېشىنلىرىنى تالاي قېتىم باشتىن كەچۈرۈپ، يولنى ئىلى چېگراسىغا، يىراقتىن پاكار تامدەك كۆرۈنگەن كىچىككىنە دەرەخزارلىققا قاراپ ئىلگىرىلەتمەكتە ئىدى. . .

يول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ تاق بىر ئاي بولغاندا ئاسماننىڭ جەنۇبىدىن پۈتۈن ئاسماننى قارا سىياھتەك قاپلاپ كەلگەن تۇتاش بۇلۇتلار يولچىلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە يامغۇرنى شارىلدىتىپ تۆكۈۋەتتى. كەپىلەر، لەمپىلەردىمۇ تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. ئۇ يەرلەردىنمۇ ئاسماندىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر شۇرقىراپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەركەتتىن كېلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك كەلمىدى. توختىماي ياغقان يامغۇر يولچىلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنى نابۇت قىلىپ يول ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن توپىلارنى سويۇق پاتقاققا ئايلاندۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئازگاللارغا تۆكۈۋەتتى. يامغۇر توختاپ ئوقىغا كەلگۈچە پاتقاققا مىلەنگەن ھارۋىلار يامغۇردا مىلىچلاپ كەتكەن نانلارنى ئېلىپ كەلگەندە، كېسەل بولۇپ قالغان يولچى يىگىتلەردىن بىر نەچچىسى ئايدالادا، پاتقاقتا، يامغۇر توختىغان كۆلچەكلەردە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغانلىقى مەلۇم بولدى. . .

بۇ خەۋەر ۋېلى بايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن يولچىلارنى يەركەتكە قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇلارنى ئۇ يەردە ئوبدان ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلەيمەن دېگۈچىلەرنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى ئۆيلىرىگە يولغا سېلىپ

قويدى. كەم قالغان يولچىلارنىڭ ئورنىنى باشقىدىن تولۇقلىدى، ئۇلارنىڭ ئاش تامىقى، ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ياخشىلاپ، تۆت تەرىپى بورىدىن ياسالغان كەپىلەرنى ياساتتى. بەك چارچاپ كەتكەن، ئاغرىپ قالغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ۋە ئات هارۋا بەلگىلىدى.

هۇسەن باي يول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ بىر هەپتىدىن كېيىن لاپاسنىڭ ئاستىدىكى ئۇسكۇنىلەردىن ئىككى ئاتلىق هارۋىغا قاچىلىغىلى بولىدىغان، ئۆزى يەڭگىل، هەجىمى كىچىك ئۇسكۇنىلەرنى ئون نەچچە هارۋىغا قاچىلاپ ياردەمچىلەر هەم باۋۇدۇن باي ئېلىپ كەلگەن بىر بۆلۈك تېخنىكلارنى باشلاپ غۇلجىغا كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇ يەردە زاۋۇت قۇرۇلىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ دەسلەپكى ئىشلارنى باشلىماقچى هەم قورغاستىن غۇلجىغىچە بولغان يولنى ياساشقا كىرىشمەكچىدى.

— هۇسەن بايدىن هېلىغىچە خەۋەر يوقما؟ — سورىدى ئەينىدىن ئىشنىڭ كېتىپ بېرىشىنى تەكشۈرگىلى چىقىپ باۋۇدۇن بايدىن. باۋۇدۇن باي مۇشۇ كۈنلەردە كېچە - كۈندۈز يولچىلار بىلەن بىرگە ئىدى، ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يەيتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ياتاتتى هەم ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

— خەۋەر كەلدى، — دېدى باۋۇدۇن باي ئەينىدىنگە هۇسەن بايدىن كەلگەن خەتنى كۆرسىتىپ، — زاۋۇت قۇرۇلىدىغان ئورۇن بېكىتىلىپ، راستلىنىۋېتىپتۇ. ئىككى يۈزدەك ئىشلەمچى يول ياساشقا كىرىشىپتۇ.

— ياخشى، ياخشى بوپتۇ، — دېدى خۇشال بولغان ئەينىدىن، خەتنى ياندۇرۇپ باۋۇدۇن بايغا بېرىۋېتىپ، —



ئاز كۈندە بۇ تەرەپنىڭ يولىمۇ پۈتىدۇ. هارۋىلارمۇ تەقلەپ قويۇلدى، ئەمدى گەپ توشۇشتا.

يول پۈتكەندىن كېيىن ئۇسكۇنىلەرنى توشۇشنىڭ هەقىقەتەن قىيىنلىقى هەر ئىككىلىسىگە ئايان ئىش ئىدى. هۇسەن باينىڭ ئېلىپ كەتكىنى توك رەندە، چىشلىق چاق، ماتۇر، توك سىمى، تېلېفون سىمى، تېلېفون، لامپۇچكا، پاترۇن، كىلىتچىك، ئۆلچىگۈچ، پىلانلىغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چوۋۇغىلى بولىدىغان بەزى ئۇسكۇنىلەرمۇ چوۋۇلۇپ هارىلارغا بېسىپ ئېلىپ كېتىلدى. بۇ يەردە قالغىنى ئېغىرلىقى نەچچە تونىنا كېلىدىغان، ئۇيۇل تاشتەك پولات ئۇسكۇنىلەر، ئىستانوكلار بىلەن گېنېراتور ئىدى. تېخنىكلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇلارغا ئاتاپ ئالتە چاقلىق، تۆت چاقلىق، تۆت ئات، ئالتە ئات، سەككىز، ئون ئات قوشۇلىدىغان كەڭ، ئۇزۇن، ئېغىر هەم كېلەڭسىز هارۋىلار ياسالدى. ئۇسكۇنىلەرنى ئۇلارغا قاچىلايدىغان، دۆگىلىتىپ ئاپىرىدىغان، هارۋىغا چىقىرىدىغان هەم چۈشۈرىدىغان پىشاڭلار، خادىلار، بادرىلار تەييارلاندى.

باۋۇدۇن باي ئىشلارنىڭ ئىلگىرى بېسىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما نېمىدۇربىر نېمىدىن كۆڭلى غەش ئىدى. بىراق، ئۇنى ئوچۇق ئېيتىشتىن يەنىلا ئەيمىنەتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ زەيناۋۇدۇننىڭ ئەهۋالىدىن كۆڭلى بىئارام بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىللارنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بىللە بېسىپ، ئەمدى تازا كۆڭۈللۈك كۈنلەرگە ئاز قېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلانماي، ئەكسىچە

ئېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئىچىنى خۇددى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇ زەيناۋۇدۇننى ۋېلى باينىڭ مەسچىتىدىكى جۇمە كۈنى كۆرگەندىن تارتىپ كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىشنىڭ قاتلاڭچىلىقىدا يوقلاپ بارالمىغانلىقىدىن خىجىلمۇ بولاتتى.

— زەيناۋۇدۇننىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — ئاخىر سورىدى باۋۇدۇن باي، — پاتىراق تۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا تازا قولغا قول، پۇتقا پۇت بولاتتى-دە.

— قاتتىق ئۈچۈنۈپتۇ ھەم شامال تېگىپتۇ، دەيدۇ، — دېدى ئەيىندىن بىردىنلا غەمگە چۆمۈپ، — ئۇنىڭ يول ياساشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا بەكمۇ قاتناشقۇسى بار ئىدى، ئۇ دائىم ئۆز قېرىنداشلىرىمىز قۇرغان، ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ تۇنجى گۈدۈكىنى ئاڭلاپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى، دەيدۇ.

— خۇدايىم شىپالىق بېرەر، مەن ئۈسكۈنىلەرنى يولغا سېلىۋەتسەملا ئۇنى يوقلاپ بارىمەن. ئۆزۈم داۋالىتىمەن، خۇدا بۇيرۇسا ئۇنى ئۆزۈم داۋالىتىمەن...

ئاخىر كۈتكەن كۈنمۇ كەلدى. كۈن ئەمدى قىزىرىپ چىقىۋاتقان بىر ئەتىگەنلىكى قاۋۇل يۈز نەچچە يىگىتتىن تەشكىل تاپقان ئۈسكۈنە باسقۇچىلار لاپاسلارنىڭ تېگىدە ياتقىنىغا ئىككى ئايچە بولغان ئىستانوكلارنى ئاستىغا دۈگىلەك چەڭزىلەر قويۇلغان قېلىن تاختايلارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، «ھە-ھۇ» بىلەن ھېلىنقى كېلەڭسىز ھارۋىلارغا باستى. ئۇلارنىڭ شوتىلىرىغا، ئوقلىرىغا توم ئارغامچىلار باغلىنىپ ئاتلار قېتىلدى. ئىككى تەرەپتە تۆتتىن، بەشتىن



قولغا قامچا تۇتقان ھارۋىكەشلەر بۇنچىلا جىق ئاتلارنى بىر يۆنىلىشتە ماڭدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ ۋارقىراپ-جارقىراپ قامچىلىرىنى قاراسلىتىپ ھالى قالمايتتى. ئەنە شۇنداق قىيا-چىيا، قىقاس-چوقانلار بىلەن ھارۋىغا بېسىلغان ئىستانوكلار ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە دۆڭدەك چوقچىيىپ يولغا چىقىپ سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. يېڭى ياسالغان يوللار بۇ ئېغىر يۈكلەرنىڭ تۇنجى سىنىقىدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك، چاقنىڭ ئاستىدا سەل-پەل ئىز قالدۇرۇپ خۇددى مۇزدەك كۆكۈرۈپ تۇراتتى. ئاخىر ئالتە چاقلىق، ئون ئات قوشۇلغان ھارۋىمۇ يوغان بىر لاپاسنىڭ تېگىدە كېرىلىپ ياتقان گىگانت مەخلۇق، پۈتكۈل زاۋۇت ھەم نەچچە يۈز ئۆينى يورۇتقۇدەك توك چىقىرالايدىغان گېنېراتورنى بېسىپ ھارۋىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەمدى بۇلار غۇلجىغا قاراپ مېڭىشقا تەييار تۇراتتى.

— خەير-خوش، — دېدى دەل شۇ چاغدا ئاتلىق يېتىپ كەلگەن ئەيىندىن، — ئاقىۋول بولسۇن، — ئۇنىڭ كۆزى ياش، ئۈنى غاراڭ-غۇرۇڭ ئىدى، — ئامان بولۇڭلار، خۇش خەۋەر كۈتىمىز، — ئۇ باۋۇدۇن بايدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ چەتكە قارىۋالغانىدى.

ئۇزاقتىن تەقەززا بولۇپ كۈتكەن كۈنلەرنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىدىن، پات-ئارىدا ئۇزۇن يىللار مۇشۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەي دىدارلىشالمىغان ئۇرۇق-تۇغقان، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش شادلىقىغا تولغان باۋۇدۇن باي تۇيۇقسىز ئەيىندىننىڭ كۆڭۈلسىز كەيپىياتىنى بايقاپ قالدى.

— نېمە بولدى، نېمىگە يىغلايسىز؟

— ھېچنېمە، ھېچنېمە بولمىدى، زەيناۋۇدۇن . . . زەيناۋۇدۇن بۈگۈن سەھەردە جان ئۈزۈپتۇ، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدى بىلەن سىلەرنى يولغا سېلىۋېتەي دەپ. . .

باۋۇدۇن باينىڭ مېڭىسى يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

باۋۇدۇن باي شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتتى.

— باۋۇدۇن ئەپەندى، باۋۇدۇن ئەپەندى، يولغا چۈشمىسىزمۇ؟

باۋۇدۇن باي ئېسىگە كەلگەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان باش ھارۋىكەش ھەم بىر نەچچە تېخنىكلارنى كۆردى.

— يولغا چۈشۈڭلار، مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەينىڭلاردىن يېتىمەن، يولدىكى ئىشلارغا سىلەر مەسئۇل بولۇڭلار، قېنى ئاتلىنىڭلار، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ھارۋىلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى ئەينىدىن بىلەن قايرىلىپ يەركەتكە - ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى، ياردەمچىسى، تەرجىمانى زەيناۋۇدۇننىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ پەقەت: «خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشكېزەك، دېگەن گەپ راستكەن - دە» دېگىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلىنىپ قالاتتى.



## «ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىدىغان بولسۇن»

ئۈستىنى ئۈششاق ئوت - چۆپلەر باسقان ئاللىقانداق سۈرلۈك قەبرىستانلىقتا يەنە بىر يېڭى قەبرە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئوت - چۆپلەر ئۈنۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بولۇپ، كۆتۈرۈلگەن كىچىككىنە تۇپا دۆڭلۈك ھەم ئەتراپىدىكى چېچىلغان تۇپىلارمۇ يېڭى ئىدى. ئەنە شۇ يەردىن سەللا كۆتۈرۈلگەن قەبرە يېنىدا سارغۇچ كەلگەن، يۇمشاق ھەم يېپىشقاق تۇپىلارغا يۈكۈنۈپلا ئولتۇرغان باۋۇدۇن باي پىغانلىق، ھەسرەتلىك ياشلىرىنى زادىلا تۇتۇپ قالالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش مەڭزىلىرىنى يۇيۇپ، قويۇق ساقاللىرى ئارىسىدا غايىب بولاتتى ۋە يەنە بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن خېلىلا ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرىنىڭ ئۇچلىرىدا خۇددى خرۇستال مۇنچاقتەك بىر پەس ئېسىلىپ تۇراتتى - دە، قارا چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە تامچىلايتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل خىيالى زەيناۋۇدۇن بىلەن تونۇشقان، بىللە ياشىغان، بىللە باش قاتۇرغان، بىللە تىنىت - تىنت بولغان، بىللە تۈنىگەن، قىسقىسى بىرگە ھەمدەم بولغان كۈنلەر ئۈستىدە كېزەتتى ھەمدە بۇ قەبرىگە مەڭگۈلۈك ماكانلاشقان ئاشۇ ئورۇق ئادەمنىڭ

قاچاندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك سەپدىشى ۋە قابىل ياردەمچىسى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئېھتىمال، تۇنجى قېتىم تونۇشقان كۈندىن باشلاپ شۇنداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ روھى يارالغاندىن تارتىپ ئاللا تائالا شۇنداق بولۇشنى پۈتكەندۇ؟ باۋۇدۇن باي ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئالەمچە سۆيۈنەتتى. ئۇنىڭدىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇلار توغرىسىدا ھېچقاچان سۆزلەپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە زەيناۋۇدۇنغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن ئېسىل گەپلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز قەلبىنى چۈشەندۈرگۈدەك رەھمىتىمۇ بار ئىدى. يەنە زاۋۇت پۈتسە ئۇنى ئاكىسى ھۇسەن باي مەسلىھەتچىلىككە ئەكەتمەكچىدى. بىراق تەقدىر، رەھىمسىز تەقدىر، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ دېيىشكە، قىلىشقا ئىمكان بەرمىگەنىدى. . . باۋۇدۇن باي بۇلارنى ئويلىغاندا يۈرىكى زەردابقا تولاتتى. كاۋاپدانغا قويۇلغان بېغىردەك پۇچۇلىناتتى.

— زەيناۋۇدۇن! جېنىم سەپدىشىم، قېرىندىشىم زەيناۋۇدۇن مېنى كەچۈر، مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكنى، كەچۈر، مېنى غەپلەت بېسىپتۇ، ھەتتا سەن چىن دۇنياغا كېتىدىغان چاغدىمۇ سېنى يوقلاپ بارالمىدىم، بارالماپتىمەن. مەندىن رازى بول . . . ھۆ . . . ھۆ . . . —

باۋۇدۇن باي ئۈن سېلىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ قەبرىنى قۇچاقلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ھەسرەت يېشىنى، نادامەت يېشىنى، خورلۇق يېشىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، پۈتۈن قەبرىستانلىقنى تىترەتكۈدەك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا يىغلايتتى. . .



— باۋۇدۇن ئەپەندى، سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ. باۋۇدۇن ئەپەندى!

باۋۇدۇن بايغا خۇددى يەر تېگىدىن، قەبرە ئاستىدىن بىر سادا كەلگەندەك تۇيۇلدى، لەھەتتە ياتقان زەيناۋۇدۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ مۈرىسىنى بوشقىنا تۈرتۈپ: «سەۋر قىل! سېنىڭ زىممەڭدىكى ئىش تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. سەن ئۇلارنى ئاخىرىغا يەتكۈزمىسەڭ گۆرۈمدە ئۆرە ئولتۇرىمەن! تۇر، يېشىڭنى سۈرت، سېنى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا بار، ئۇلار سېنى كۈتۈۋاتىدۇ، تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتىدۇ» دەۋاتاتقاندەك ئىدى. باۋۇدۇن باي يۈزىنى قەبرىگە يېقىپ تۇرۇپ، كۆز قۇيرۇقلىرىدىن ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان ياشلىق كۆزىنى ئاچتى. ئەينىدىن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قاراپ تۇراتتى ھەم بىر قولى بىلەن قەبرىنى قۇچاقلاۋالغان باۋۇدۇن باينىڭ مۈرىسىنى ھەدەپ تۈرتەتتى. . .

— سەۋر قىلىڭ باۋۇدۇن ئەپەندى، تۇرۇڭ، سىزنى ۋېلى باي ئۆرە ساقلاپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى سىزنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، تۇرۇڭ، بولۇڭ چاققان. . .

باۋۇدۇن باي يەركەنتە زەيناۋۇدۇننىڭ نامىزىغا قاتنىشىپ، نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ھەم يول ياساش داۋامىدا ۋاپات بولغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە قىلىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك ياردەملىرىنى قىلىپ بولغۇچە خېلى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ۋېلى باي يەنە ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاۋۇتىنىڭ پاتراق ھەم كۆڭۈلدىكىدەك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئەينى چاغدا ۋېلى باي ئۆز مەبلىغى بىلەن سالدۇرغان يەتتەسۇ بويىچە كاتتا مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشقان،

ئۇستا قۇرۇلۇشچى ئارۇپ ئىبراھىمنى ياردەمچىلىرى بىلەن باۋۇدۇنبايغا قوشۇپ قويدى. باۋۇدۇن باي بۇ قۇرۇلۇشچىلارنى ئېلىپ ئالدىدا كەتكەن ھارۋىلار كارۋىنىغا يېتىشىۋالغاندا، ئۇلار تېخى يولنىڭ يېرىمىغىمۇ كەلمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇسكۇنىلەرنىڭ تىنچ ئامان، ھارۋىلارنىڭ خېيىمخەتەرسىزلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدى. ئۇ كەمسۆز ھەم خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەمدى كەلگۈسىدىكى ئىشلار كۆپرەك ئەگىپ يۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ۋېلى باينىڭ ئۇنىڭغا قۇرۇلۇشچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ھەم تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ: «ئەڭ ياخشىسى، ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىدىغان بولسۇن» دېگەن گېپىنى ئەسكە ئالاتتى ھەم ئۇنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كېلەتتى.

باۋۇدۇن باينىڭ يېتىپ كېلىشى كارۋاننىڭ تېزلىكىنى خېلىلا ئاشۇردى. بىراق، بۇ كۈنلەردە پات - پات يامغۇر يېغىپ يوللارنى مىلىچ - مىلىچ قىلىۋەتتى. بوران چىقىپ كۆزلەرنى ئاچۇرمايتتى، مۆلدۈرلەرمۇ تاراسلاپ تۆكۈلەتتى.

— كۈز، — دېدى باۋۇدۇن باي ئەتراپتىكى قۇرۇشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەرگە قاراپ، - كۈز باشلاندى، كۈنلەرمۇ قىسقىراپ كېتىۋاتىدۇ. ھاۋادىن ئۈمىد يوق. مېڭىشنى تېزلىتىش كېرەك.

بىراق، مېڭىشنى تېزلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېرىپ كەتكەن ئاتلارنى، ئۆكۈزلەرنى، ئادەملەرنى ئارام ئالدۇرۇش كېرەك ئىدى. يول تېخى ئۇزۇن ئىدى. دەم ئالدۇرۇلغان ئاتلار، ئۆكۈزلەر دەسلەپ بىر ئاز ئىتتىكلىگە-



دەك قىلغان بىلەن بىردەمدىن كېيىن يەنە مىسىلداپ مېڭىشقا چۈشەتتى.

— ئامال يوق، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ئەمما توختاپ قالساق ئىش چاتاق، توختاپ قالمىساقلا بولغىنى، «ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان بەك يامان» دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان، — دېدى باۋۇدۇن باي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۈستىگە ئاسماننى يېپىنچا، ئاستىغا بىپايان زېمىننى سېلىنچا قىلغان بۇ كارۋان، ئەنە شۇ تەرىقىدە يىراقتىن قارىغاندا تېزەكچى قوڭغۇزلاردەك مىسىلداپ، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن بۇ ئۇزۇن يولنى تۈگەتمەكتە ئىدى.

# ئاجايىپ چانا

قىشلاق قورۇسىغا بېسىلغان ئۇسكۇنىلەرنىڭ توشۇلۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى. ئارىدا ياز بىلەن كۈز ئۆتۈپ قىش كەلدى.

— توختامدا ئىككى ئايدا توشۇپ بولۇش كېرەك، دەپ بەلگىلەپتىكەنمىشقۇ؟ هازىر بىزنىڭ بۇ يەردىن ئۇسكۈنە توشۇۋاتقىنىمىزغا ساق بەش ئاي بولدى. ئورۇسلار يولدا چاتاق چىقارماس، — دېدى يوغان ئوچاق ئالدىدا يالقۇن چىقىرىپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرغان، ياشلىقىغا قارىماي يۈز ـ كۆزىنى تىكەندەك قارا ساقال باسقان بەستلىك يىگىت. ئۇ بۇ قېتىم غولجىدىن هارۋىكەشلەرگە باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

— ئۇ ئىشلاردىن غەم قىلماي بالدۇرراق ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، بۇداقى سەپەردە چانچىلارغا يەنە سەن باش بولىسەن جۇمۇ، — دېدى بورا سېلىنغان ئىگىز سۇپىدىكى كىچىك چاسا ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان پەنەرنىڭ يورۇقىدا كۆتمەك قېرىندىشىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ، گىرۋەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى جىجىلاۋاتقان قىزىل يۈزلۈك، ئوتتۇرا ياش، چىرايلىق بۇرۇت قويغان كىشى كەسكىن قىلىپ، ئۇ هۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ بۇ يەردىكى ئۇسكۈنىلىرىنىڭ توشۇلۇشىغا مەسئۇل ۋاكالەتچىسى ئىدى.



— پاشالارنىڭ توختاملىرىنى بىلىدىغانلىقىڭدىن قارىغاندا سەنمۇ بوش نېمە ئەمەسكەنسەن جۇمۇ، — دەپ سۆز قاتتى بورىنىڭ ئۈستىدە ئىگىر جۇۋىغا ئورۇنۇپ ياتقان بىرى جۇۋىسىنى قىمداپ تۇرۇپ.

— بوش نېمە بولامدۇ ئۇ، بەش ئايدىن بېرى «ماتۇر دەمدۇ»، «گېنېراتۇر» دەمدۇ ئىش قىلىپ قۇلاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن نەرسىلەرنى توشۇپ يۈرسە. ئۇ چوقۇم مەسكاۋ، پېتېر، گېرمان دېگەن يەرلەرگە بارغان گەپ، — چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى يەنە بېرى.

— توي قىلىپ ئەتىسى سالامغىمۇ بارماي يەركەتكە كەتكەن نېمە بۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا چار پادىشاهنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغاندۇ تايىنلىق، — گەپنى ئۇلغايتتى يەنە بىرى يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ.

ئۆي ئىچىدە بىر مەهەل خۇشال چاقچاق قىزىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىلىرىدىن قومۇش بىلەن يېپىلغان تورۇسنىڭ ئاراشلىرىدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تورۇق، قۇمساڭ توپا قويۇلاتتى.

بۇلار يەنە ئۇسكۈنە توشۇش ئۈچۈن غۇلجىدىن بۈگۈن يېتىپ كەلگەن هارۋىكەشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى قارا قىشتىن پايدىلىنىپ، هارۋىغا بېسىش مۇمكىن بولمىغان پار قازاننى يۆتكەپ كېتىش ئىدى.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى ئۆزى ئۈستىدە بولۇۋاتقان ئاچچىق چاقچاقلارغا پىسەنت قىلماي، ئويلانغان هالدا هېلىقى قارا ساقال يىگىت، — ئىلگىرى يەركەتكە ياكى غۇلجىغا ئۆتسەڭ چېگرىدا توسۇپ، تەكشۈرۈپ هەممە يېرىمىزنى تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتەتتى. بەزىدە هەپتىلەپ

چېگرىدا تۇتۇپ قېلىپ ئاۋارە قىلاتتى. ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى توشۇۋاتقانغا يېرىم يىل بولاي دېدى، خۇددى ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە بارغاندەكلا، ھېچ ئىش يوق! كېيىن چوڭلاردىن ئۇقسام، ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي ئۇ جابدۇقلارنى ئورۇسنىڭ يېرىدىن ئىككى ئاي ئىچىدە توشۇپ بولۇشنى پۈتۈشۈپتىكەن. شۇنىڭغىچە توشۇپ بولالمىسا، ئورۇس چېگرانى تاقاپ ھېچنېمىنى ئۆتكۈزمەيدىكەن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، يۇرتىمىزدىن، ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، بىزمۇ ئاشۇ تۆمۈر - تەسەكلەر بىلەن بوياقتا قېلىپ يۈرمەيلى دەيمىنا.

قارا ساقاللىق يىگىتنىڭ بۇ سۆزى ئۆي ئىچىدە ئەۋج ئالغان خۇشخۇي كەيپىياتنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالدى. چۈنكى، بۈگۈن بۇ ئۇزۇن كەتكەن، بورا سېلىنىپ ئاندا - مۇندىلا ئىسسىتىپ قويۇلغان ئۆينى قونالغۇ قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يېقىندىن ھارۋىكەشلىككە تاللانغان ياش بالىلار ئىدى. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىدىن، ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ تۇنجى قېتىم بوياققا كېلىشكەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «ئورۇسنىڭ يېرىدە ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈشنى» ئارزۇ قىلىپ، ھەۋەس بىلەن بۇ سەپەرگە چىقىشقانىدى. بىراق، ئۇلار كېلىپ چەكسىز قارلىقتىكى بۇ يىگانە قىشلاقتا چۈشكەندە، ھەم مۇشۇ يەردىن يۈك بېسىپ قايتىدىغانلىقىنى بىلگەندە، تولىمۇ پۇشايمان قىلغانىدى. مانا ئەمدى كېلىپ بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كەلگەن، بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىدىغان ھېلىقى يىگىتنىڭ گەپلىرىنى



ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈشتى.

— نىم دەۋاتىسەنۇي، ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىگىنە ئۇنداق!

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە، گېلىمدىن ئۆتتى دەپ يەۋەرمە، دېگەن گەپ بار جۇمۇ، ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە!

ئۆي ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇستەلدە خەت يېزىۋاتقان قىزىل يۈزلۈك كىشى قېرىندىشىنى خاتىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ خاتىرىنى ياپتى - دە، پەنەرنىڭ پىلىكىنى يوغانراق چىقىرىپ قويۇپ دېدى:

— يىگىتلەر، خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنى ھېچكىم تۇتۇپ قالالمايدۇ، بۇ يەر دېگەن ۋېلى باينىڭ يېرى، پۈتكۈل يەركەت ۋىلايىتى ۋېلى بايغا تەۋە، ئۇ دېگەن چار پادىشاھ ئۆزى قويغان گوبېرناتور، بىلەمسىلەر گوبېرناتور! سىلەر بۇ يەردىن چاپسانراق كېتەيلى دېسەڭلار، بۈگۈن سىلەر كۆرگەن ھېلىقى قازاننى قانداق يۆتكەش توغرىسىدا باش قاتۇرۇڭلار، ئۇ دېگەن شۇنداق كېلەڭسىز، ئېغىر نەرسە. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك بىلەمسىلەر؟ ئون نەچچە تونىنا! مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئون نەچچە ھارۋا كۆمۈر بىلەن تەڭ. ئاشۇ ئون نەچچە ھارۋا كۆمۈرنى ئەتە بىر «ھارۋا» غا بېسىشىمىز كېرەك. ئۇقتۇڭلارمۇ؟ مەن ئابايتىن بىرى ھېسابلاپ باقتىم. ئۇنى چانىغا باسساق، بىر ئات تارتىدىغان يۈكنى ئىككى ئات ئاران سۆرەيدىكەن. شۇ چاغدا، بۇ ئون نەچچە تونىنا قازاننى سۆرەش ئۈچۈن چانىغا يىگىرمە نەچچە ئات قوشۇش كېرەك ئىكەن. يىگىرمە نەچچە ئات قوشۇلغان چانىنى ھەيدەش ئۈچۈن يەنە شۇنچىلىك ھارۋىكەش كېتىدىكەن. بۇنىڭدا ئىشىمىز ئەپلەشمىگۈدەك، شۇڭا ئاتنىڭ

ئورنىغا ئۆكۈز قوشقىنىمىز ياخشىدەك قىلىدۇ...

قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنى ئاخىر تاڭ سەھەرگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. ھەممىدىن بۇرۇن تۇرغان ئاشپەزلەر ئاپئاق قار بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يوغان ئوچاققا ئوت يېقىپ، قىشلاق قورۇسىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ داش قازانلارنى تولدۇردى. ئوچاقنىڭ كۈللىرىنى ئاچىقىپ تۆكۈشتى، ئاندىن ئوچاقنى قۇرۇق سەرجان ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ، ئۈستىگە كىرسىن چېچىپ ئوت يېقىۋەتتى. گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت، پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قازان ئۆي ئىچىنى ئىللىتتى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ بورا ئۈستىدىلا ھېجىرلارغا قۇيۇلغان ئەتكەن چاي بىلەن ناشتىغا تۇتۇش قىلىشتى.

قىشلاقنىڭ كەڭ كەتكەن قورۇسىدا ئۈستى ئاپئاق قار بىلەن چۆمكەلگەن چانىلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە يوغان ھەم غەلىتە ياسالغان ئىككى چانا ھەممىدىن يوغان يەرنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم كەڭ بولۇپ، بەكمۇ پاكار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى تۇپ قارىغاينى يونۇپلا دېگۇدەك ياسىغان ئىككى پۇتىلا چانىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى كەڭ، سىلىق، پارقىراق



تۆمۈر ھالقىلارغا باغلانغانىدى. چانىنىڭ ئۈستى تەپتەكشى بولۇپ، ئالدىغا توغرىسىغا قىلىنىپ يېرىم گەۋدە ئېگىزلىكىدە مەزمۇت بالداق بېكىتىلگەن، قالغان جايلىرىغا بولسا ئالىقاندەك قېلىنلىقتا قارىغاي پەنلىرى ھىم قىلىپ مىخلانغانىدى.

يەنە بىر چانىمۇ ئاشۇنداق يوغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تاختايلار بىلەن ھىم قىلىپ توسۇلۇپ، خۇددى ئۆيدەك ياسالغانىدى. «ئۆينىڭ» ئىچىگە بىر تەرەپكە پاكار ئوقۇرلار، يەنە بىر تەرىپىگە ياغاچ سۇپا ياسالغانىدى.

— ئاجايىپ چانىلارغۇ بۇ! — دېدى ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرالمىغان ياش ھارۋىكەشلەر ئۇ چانىلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بىر - بىرىگە.

— ئورۇسنىڭ يېرىدە ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرىمىز دەپ بىكار ئېيتمىغان. مانا ئەمدى كۆرگەنسىلەر، — دېدى يەنە بىرى.

— ئوت ھارۋا دېگىنى مۇشۇ ئەمەستۇ؟

— پويىزنى دەمسەن؟ ئۇ دېگەن تۆمۈردىن ياسىلىدىكەن...

— ھەممىڭلار مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى بارلىق چانىلارنى قورۇغا جەم قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك كىشى، — مۇنۇ ئىككى «سال چانا» بىلەن «ئۆي چانا» ئەنە ئاۋۇ دۆڭدەك تۇرغان قازاننى توشۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان. مۇنۇ «سال چانا» غا قازان بېسىلىدۇ. مۇنۇ «ئۆي چانا» غا ئات - ئۆكۈزلەر بىلەن ئادەملەر چۈشىدۇ. قالغان چانىلارغا ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك بېسىلىدۇ. ئادەملەر، ئۆكۈزلەر،

ئاتلار كېچە - كۈندۈز ئالماشتۇرۇلۇپ نۆۋەت بىلەن ئىشلەيدۇ. يولدا قونۇشقا بولمايدۇ...

— ئەسلىدە مۇنداقكەن - دە، مەنمۇ پەملىگەن، ئوقۇرمىكىن دېۋىدىم، راستىنلا ئوقۇركەن.

— ئاۋۇ «سال چانا» دېگىنى ھەقىقەتەن سالغا ئوخشايدىكەن...

— خەپ شۇك، ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار، — توپقا قاراپ ۋارقىرىدى ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك، — بۇ ئوينىشىدىغان سەپەر ئەمەس، ھەر كىم ساق - سالامەت، ئامان - ئېسەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كۆرۈشەي دېسە، بوشاڭلىق، گالۋاڭلىق قىلماي، ھوشيار، باتۇر، چىداملىق بولۇشى كېرەك. كىمكى بىخەستەلىك قىلىپ ئۇخلاپ قالسا، بىردەمدىلا شېھىتتەك قېتىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. نۆۋەتنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلەر مانا مۇنۇ «ئۆي چانا» غا كىرىپ ئۇخلىۋالسا بولىدۇ، بۇ قېتىمقى سەپەرگە مانا مۇنۇ يىگىت باش بولىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ توپنىڭ ئالدىدا قارا قۇلاقچىسىنىڭ قۇلىقىنى ئارقىغا چىگىۋالغان بەستلىك يىگىتنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاخشام چاقچاقلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ھېلىقى قارا ساقال ئىدى...

قىشلاق قورۇسىدا ئىش باشلاندى. ھەممە ئولاش - چولاش، ھە - ھۇ دېيىشىپ، قوللىرىغا بولقا، لوم، پىشاڭلارنى ئېلىپ لاپاسنىڭ ئاستىدا نەچچە ئايدىن بېرى خاتىرجەم ياتقان غايەت يوغان پولات مەخلۇقنىڭ ئاستىدىكى پانىلارنى ئۇرۇپ چىقىرىپ ئۇنى دومىلىتىشقا باشلىدى. ئۇ قۇرۇلماقچى بولغان زاۋۇتنىڭ گېنېراتورىنى قوزغىتىشقا



يېتەرلىك پار چىقىرىپ بېرىدىغان، سېخلارنى قايناقسۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان پار قازان ئىدى.

— ۋاي كاساپەتەي، نېمىدېگەن يوغان نېمە بۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇنى مۇشۇنداق دومىلىتىپ ئەكەلگەن چېغى، بولمىسا بۇنى ھارۋىغا باسقىلى بولمايدۇ، — دېدى بىرى قىسقا دەم ئېلىشتا تەرىنى سۈرتۈپ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ياقەي، — دېدى يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ شەھەردىن، بۇ شەھەرگە دومىلىتىپ جان توشامدۇ؟ شۇ چاغدىمۇ قارا قىشنى كۈتۈپ، چانىدا ئەكەلگەن گەپ.

— ئەمىسە، ئۇ چانىلار قېنى؟

— ئاللىقاچان جۇلىقى چىقىپ، ئوتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن چېغى، شۇڭا باشقىدىن مۇشۇ چانىلارنى ياسىغان گەپتە.

پارا قازاننى دومىلىتىپ «سال چانا» يېنىغا ئەكېلىش ئانچە تەسكە چۈشمىگىنى بىلەن، چانىغا بېسىش تولىمۇ تەسكە چۈشتى.

— ھەممىڭلار تەڭ كۈچەڭلار، ھەرگىز قويۇۋەتمەڭلار، كەينىگە شۇخشۇپ كەتسىلا بىر نەچچىمىزنى مىجىپ يايما قاقتەك قىلىۋېتىدۇ. قېنى ھە، ھۇ!

— ھۇ . . .

— ھۇ . . .

ھارۋىكەشلەر، قىشلاقتا قاراۋاتقانلار، ياردەمگە چاقىرغانلار بولۇپ ئەللىكچە ئادەم پار قازان ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنى مىڭ تەستە چانىغا چىقاردى. چانىچىلارغا تولىمۇ مەزمۇت كۆرۈنگەن بۇ چانا ئۈستىگە بېسىلغان ئۇ

ئېغىر پولات قازاننى كۆتۈرەلمەي ئىڭرىغاندەك غاراسلاپ كەتتى، چاننىڭ كەڭ ئىككى پۇتى قارغا چۆكۈپ، پار قازان خۇددى قارنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغاندەكلا بولۇپ قالدى.

— ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ئەمدى باغلايلى.

ئېغىزدىن قۇيۇق ھور چىقىرىپ، بەدەننى ھەرىدەك چېقىپ تۇرغان ئاچچىق سوغۇق، كۆپنى كۆرگەن، خىلمۇخىل قارا، ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ كۆنگەن، ھاياتى ئاجايىپ كەچمىشلەرنى كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە ھېچقانداق ئاجايىپ تۇيۇلمايدىغان بۇ كىشىلەرگە قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى. ئۇلار قوللىرىدىكى قوپال تېرە - پەيلەرنى، ھەتتا جۇۋىلىرىنى سېلىۋېتىپ جان - جەھلى بىلەن ئىشلىشىۋاتاتتى. ئۇلار چانىلارغا باسىدىغاننى بېسىپ، ئاندىن بورا سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ داش قازانغا دۇملەنگەن گۆشلۈك پولۇغا تېگىش قىلغاندا، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن يوغان مىس تاۋاقتەك قۇياش قىشنىڭ ئەتىگەنلىك تۇمانىدا گۇڭگا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

شۇ كۈنى بۇ قىشلاقتا بىرنەچچە سېمىز قوي ھەم ئىككى سېمىز كالا سويۇلۇپ، بىر قىسمى قازانغا سېلىندى، قالغىنى نان - پان، تالقان - پالقان، قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر قاتارىدا باشقا چانىلارغا قاچىلاندى.

— تۇماننىڭ مۇنداق قويۇقلۇقىغا قارىغاندا، كۈندۈزى ھاۋا ئېچىلىپ، كېچىسى قاتتىق سوغۇق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك كىشى تاماقتا قىلىنغان دۇئادىن كېيىن، جۇۋىلارغا قايتىدىن ئورۇنۇپ، بەللىرىنى باغلاپ، قولاقچىلىرىنى چۈكۈرۈپ كىيىپ،



قامچىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشقان، قىزارغان، تەرلىگەن چانچىلارغا قاراپ، - بۇنداق سوغۇقتا چانىلار خۇددى مۇزدا تېيىلغاندەك غىرىلداپ ماڭىدۇ. سەپىرىڭلار ئۇتۇقلۇق، يولۇڭلار ئاخشام ياققان قاردەك ئاق بولغاي. قېنى ئەمىسە ئاتلىنىڭلار!

چانچىلار خۇددى جەڭگە ئاتلانغاندەك ئورۇنلىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇشۇپ دۈررىدە قورۇغا چىقىشتى.

باش چانچى بولغان قارا ساقاللىق يىگىت پار قازان ماتاپ باغلانغان «سال چانا»نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى سىقىمداپ تۇتۇپ ئۇياق - بۇياقتا سىلكىپ كۆردى، ئارغامچىلارنى كۈچ بىلەن تارتىپ باقتى. ئالدىغا تاشلانغان يۇمشاق قۇرۇق - ئوت - چۆپلەرنى ئىشتەي بىلەن پۇشۇلداپ يەۋاتقان قوتازدەك ئۆكۈزلەرنىڭ بويۇنلىرىغا شاپىلاقلاپ چىقتى. ئاندىن ئىككى ئات قوشقان، ئوزۇق - تۈلۈك باسقان چاننىڭ چانچىسىغا بۇيرۇدى:

— سەن ئالدىدا يول باشلاپ ماڭ، ئارقىدىن «سال چانا»، ئاندىن «ئۆي چانا» ماڭىدۇ. قالغان چانىلار تەرتىپ بىلەن ئەگىشىپ ماڭسۇن، قېنى سەن ئاۋۋال چاناڭنى ئالدىغا ئۆتكۈز، قالغانلار «سال چانا»نى قوزغىتىشقا ياردەملىشىڭلار، — باش چانچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ خۇددى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىدەك دەرھال ئورۇنلاندى. يول باشلىغۇچى چانا ئالدىغا ئۆتتى، قالغانلار پار قازان باسقان چاننىڭ ئارقىسىغا، يانلىرىغا كېلىپ ئولاشتى.

باش چانچى ھەممەيلەننىڭ تەق بولۇپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن گۈس - گۈس دەسسەپ «سال چانا»نىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە ئادەم ئۆرە تۇرغىلى بولىدىغان جايغا

چىقتى ـ دە، بىر قولى بىلەن توغرا بالداققا تايىنىپ ئۆكۈزلەرنىڭ ئىككى يېنىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئاتلىق ئىككى چانچىغا قاراپ دېدى:

— يا بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، قېنى ئۆكۈزلىرىڭنى هايدا، كۈچ بىلەن سال! قالغانلار كۈچۈڭلارنىڭ بارىچە ئىتتىرىڭلار!!

ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تۇرغان ئۆكۈزلەر تۇساتتىن ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تەككەن قامچىلاردىن پات ـ پاراق بولۇپ، يۇلقۇنۇپ جان ئاچچىقىدا هەرقايسىسى هەر قايسى تەرەپكە بولۇشقا پىتىرىشىپ كەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بوينىغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇقلار ۋە ئۇلارغا باغلانغان توم ئارغامچىلار ئۇلارنى بىر يەرگە توپلىدى. ئۆكۈزلەر هەدەپ باشلىرىنى سىلكىپ يېنىدىكى بۇرادەرلىرىنىڭ دالدىسىغا بېكىنمەكچى بولغاندەك بىر ـ بىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇراتتى ۋە يەنە بىر ـ بىرىنى ئۆزىدىن نېرى هەيدىمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، بۆكۈرەپ، بىر ـ بىرىنى ئۆتكۈر مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈشەتتى. ئۇلار بىر مەهەل ئەنە شۇنداق ئۆرە ـ تۆپە بولۇشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئاللىقاچان قاتمۇقات ئارغامچىلار بىلەن چىرمىۋالغان هەم تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاچچىق قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆزلىرىگە توختىماي تەهدىت سېلىپ قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك، ئالدىدا يول باشلاپ ئاستا كېتىۋاتقان چانا تەرەپكە قاراپ يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. پار قازان باسقان بۇ ئاجايىپ «سال چانا» خۇددى غايەت يوغان سالدەك «غا ـ چ» قىلغان ئاۋاز چىقاردى.



— ئۆكۈزنىڭ كۆزىگە ئۇرما، ئۆكۈزنىڭ كۆزىگە ئۇرما دەيمەن!

— قامچىنى قاراسلات، ئاندىن دۈمبىسىگە، چىۋىنسىغا ئۇر! — باش چانچى توختىماي ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلاتتى، ـ بولمىدى! باشقىدىن كېلىڭلار، مەن، هە! دېگەندە، ئاۋۋال ئىچ ئۆكۈزلەرنى، ئاندىن يانداق ئۆكۈزلەرنى ئۇرۇڭلار، ئىتتىرىدىغانلارمۇ تەڭ كۈچەڭلار! قېنى ئەمىسە، هە! — ئۇ بار ئاۋازى بىلەن يەنە ۋارقىرىدى. كۆپچىلىك يەنە مالمان بولۇشتى. چانا يەنە غاراسلىدى. بىراق، بۇ قېتىمقى غاراسلاش ئىلگىرىكىدىن يەڭگىل هەم يېقىملىق ئىدى. ئەتراپتا چۇقان كۆتۈرۈلدى.

— قوزغالدى، چانا قوزغالدى!

— ماڭدى، ماڭدى.

— رەسمىي ماڭدى، يولغا چۈشتى.

ئىتتىرىۋاتقانلار قوللىرىنى بوشىتىپ بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز چانلىرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ـ بىرلەپ يولغا چۈشتى...

— ئۇھ، ئۇلارنى ئاخىر يولغا سېلىۋەتتۇق، — دېدى قىزىل يۈزلۈك كىشى. چانچىلار چوڭ يولدا خۇددى ئۆستەڭنىڭ قىنىدەك چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، يىراقتىكى تۇمان ئىچىدە بارا ـ بارا كىچىكلەپ، ئاندىن چېكىتتەك كۆرۈنۈپ كۆزدىن يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ياردەمچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چۆلدەرەپ قالغان قىشلاق قورۇسىغا قايتىپ كىرىۋېتىپ، — ئەمدى قالغان ماتېرىياللار بىلەن ئۈسكۈنىلەر خۇدا بۇيرۇسا يازغىچە ياكى كۈزگىچە توشۇلۇپ بولىدۇ.

— بۇ چانچىلار مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلامدا؟ قايتا كەلمەمدا؟ — سورىدى بىر ياردەمچى.

— ئۇلار يەنە بىر كەلگىچە توك تېشىلىدۇ، پانقاقچىلىق باشلىنىدۇ. شۇڭا، ياز كەلمەي تۇرۇپ بۇ يولدا هارۋا تۇرماق، ئادەممۇ ماڭالمايدۇ. ئەمدى بۇ يەرگە ئىككى ئادەمنى قاراشقا بەلگىلەپ، قالغانلىرىمىز يەركەتكە قايتىپ هۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ خەۋىرىنى كۈتۈشىمىز كېرەك... كۈن خېلى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما تۇماننى يېرىپ ئۆتكۈدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. چانچىلار كارۋىنى ئەنە شۇ تۇمانلىق يولدا ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان يول باشلىغۇچى چانىنىڭ چانچىسى چانا شوتىسىغا قېتىلغان ئاتقا مىنىۋالغان بولۇپ، تېخى هېچقانداق نەرسىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن كۆلتۈك قاردا يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چانىغا ئەگىشىپ قۇلاقلىرى دىك بىر بۆرە ئىت ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈيتتى. ئات ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان چانچى تۈكلىرى ئۇزۇن، كېلەڭسىز جۇۋا كىيىۋالغان بولۇپ ،ئۇ هەتتا ئېتىنى قامچىلاپمۇ قويمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ چانىسى ئالدىغا تۇرۇلۇپ، دۈۋىلىنىپ قالغان شېكەردەك قارلارنى توختاۋسىز بېسىپ تەكشىلەپ باراتتى. ئەگەرى ئىككى پۇتى بولسا قار ئۈستىدە ئىنچىكە ئېرىقچە پەيدا قىلىپ يەڭگىل غىرىلدايتتى.

ئۇنىڭ كەينىدە، ئون بەش قەدەمچە نېرىدا ئون ئۆكۈز قارلارنى تىلغاپ، توزۇتۇپ، بىر - بىرىگە پەرۋا قىلماي، باشلىرىنى تەكشى چايقاپ، بويۇنلىرىنى ئېگىشتۇرگىنىچە جان جەھلى بىلەن تىرەجەپ، پار قازان بېسىلغان ئاجايىپ ئېغىر چانىنى سۆرەپ كېلەتتى. ئۆكۈزلەرنىڭ ئىككى يېنىدا



ئاتلىق ئىككى چانچى تېۋىلغا دەستىلىك ئۇزۇن قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بەزىدە هاۋانى جاراڭلىتىپ «قاراس» چىقىرىپ ئۆكۈزلەرگە هەيۋە قىلىپ ئۇلارنى تېزرەك مېڭىشقا قىستايتتى. چانىدا بالداقنى چىڭ سىقىمداپ، ئالدىغا هوشيارلىق بىلەن قاراپ ئۆرە تۇرغان باش چانچىنىڭ چىرايىدا ئەمدى تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەندەك ئىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئىككى يېنىغا چىقىۋالغان ئاخشامچى چاقچاقچى چانچىلارغا قاراپ، ئارقىسىدىكى پار قازاننى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ ئېيتتى:

— بۇ كاساپەتنى ئاخىر ئېلىپ ماڭدۇق، بۇنى توشۇش بېشىمىدىكى بىر تاغ ئىدى. هېلىقى پەمىدۇر چىرايىنىڭ گېپى توغرىكەن، يىگىرمە ئات سۆرىيەلەيدىغان مۇنۇ مەخلۇقنى مۇنۇ ئون ئۆكۈز بەھۇزۇر سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چانىنىڭ ئۆزىمۇ بەك ئېغىر - دە.

— قاۋۇل ئۆكۈزلەركەن ئەمەسمۇ، قارىغىنا بويۇنلىرىغا، پالتا چاپسىمۇ پالتا قاڭقىپ كەتكۈدەك تۇرغىنىنى، — دېدى يەنە بىرى تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ...

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئاجايىپ چانا كېلىۋاتاتتى. ئۇ يوغان ياغاچ ئۆيدەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتە ئات قوشۇلغانىدى. ئۇنى چانىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئۆرە تۇرغان بىر چانچى باشقۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن بوجا بىلەن ئاتلارنىڭ بېقىنلىرىغا پالاقلىتىپ ئۇرۇپ، ئۇلارنى سەگەكلەشتۈرەتتى هەم ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدا ئاتلىق كېتىۋاتقان ياردەمچى چانچىلارغا: «ئالدىدىكى تۇرۇقتا قامچا سال، ئاۋۇ جىرەن قاشقا گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ.

نېمە ئۇخلاپ قېلىشىمغا نىسەن؟» دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئاتلارنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان مىس قوڭغۇراقلار زىل جاراڭلىشىپ پۈتكۈل چانچىلار كارۋىنىنىڭ سەپىرى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھەممەيلەننى سەگەك تۇرۇشقا ئۈندەيتتى.

بۇ چانىدا سەپەردە قاتتىق چارچاپ كەتكەن ياكى زادى بولالماي قالغان ئۆكۈزلەرنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرىدىغان بىر نەچچە قاۋۇل ئۆكۈز ھەم بىر نەچچە ئات، بىر نەچچە چانچى بار ئىدى.

— پادىچىلىقنى مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى بىرەيلەن چانىدىكى ئات - ئۆكۈزلەرنىڭ ئوقۇرىدىكى قالدۇق ھەلەپ، بوغۇزلارنى سۈپۈرۈپ بىر ياققا يىغىپ قويغاندىن كېيىن، قولىدىكى تۆمۈر تارغاق بىلەن ئاتلارنىڭ يايلىلىرىنى تارىغاچ، — مەن ئۆمۈر بويى پادىچى بولۇۋېرەتتىم، جاھاننىڭ نەرىگە دېسىمۇ كېتىۋېرەتتىم.

— شۇنى دېگىنە، بۇ بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ دۇنيانى تاماشە قىلغاندەكلا ئىشقۇ، — دېدى يەنە بىرى «ئۆي چانا»نىڭ دېرىزىسىدىن پالىلداشقا باشلىغان چەكسىز قارلىق دالاغا، دالادا ئەركىن چېپىپ يۈرگەن ياۋا توشقانلارغا قىزىقىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلىشىپ ئون نەچچە چانا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئادەملەر ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك، بەزىلىرىگە ھايۋانلار ئۈچۈن يەم - خەشەك، ئوت - بوغۇز، يەنە بەزىلىرىگە زاۋۇتنىڭ باشقا لازىمەتلىرى بېسىلغانىدى. ئۇ چانىلارنىڭ بەزىلىرىگە بىردىن، بەزىلىرىگە ئىككىدىن ئادەم



چىقىۋالغانىدى.

— كۈنلۈك يول ماڭسا، ھەپتىلىك ئوزۇق ئال، دەپتىكەن، بىز ھەپتىلىك يولغا بىر يىللىق ئوزۇق ئالغان ئوخشايمىز، — دېدى ئاخىرقى چانىدا ئېگىز بېسىلغان ئوت — چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئالغا يولقۇنۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تېزگىنىنى توختىماي تارتىپ تۇرغان چانچى يېنىدىكىسىگە، — زاۋۇتنىڭ جابدۇقىنى ئەمەس، يەركەتتىن ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك يۆتكەۋېتىپتىمىز.

— سوغۇقتا قورساق بەك ئاچىدۇ، قورساقنى ئوبدان غەملىمىسەك، ئۆزىمىزنى سوغۇققا ئالدۇرۇپ قويىمىز، تىلسىز ھايۋانلارمۇ شۇنداق، — دېدى يەنە بىرى قۇرۇق چۆپكە يانپاشلاپ.

بۇ چانچىلار كارۋىنىدىكى چوڭ - كىچىك ھارۋىكەش، چانچى، ئاشپەز، ھامماللار، ئەنە شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدا بەزىدە قىزىق لەتىپىلەر، چاقچاقلار، قىسسە - رىۋايەتلەر بولۇپ قالسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىسى بىردە ئۇ ئۆكۈزنى، بىردە بۇ چانىنى ماختاش، قاشىرىۋالغان ئات - ئۆكۈزلەرنى تىللاش، ئىتلارنى «ئالە كۈش - كۈش» دەپ باز - بازغا سېلىشتىن نېرىغا ئۆتمەيتتى. ئۇلار ئاشۇ سەپەرلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى ئەۋلادلارنىڭ ئاغزىدا تەرىپلىنىدىغانلىقى، قەلەمگە ئېلىنىپ، قەغەزلەرگە پۈتۈلۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى...

# ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى

1907 - يىلىنىڭ ئاخىرى. كۆز يېتىپ كېلىپ يېشىللىقنىڭ ئورنىنى قارامتۇل دالا ئىگىلىگەندە، ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ ئۇسكۇنىلىرىمۇ تولۇق توشۇلۇپ بولدى. ئەمدى «ئۇھ» دەپ بىر مەزگىل ئارام ئېلىۋېلىپ ئىشقا كىرىشىشمۇ بولاتتى. بىراق، ئىش بۇنداق بولمىدى. ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينى يېڭى بىر پىشكەللىك كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ زاۋۇت قۇرۇش ھەم ئۇسكۇنىلەرنى قوراشتۇرۇش ئۈچۈن سەرمايە تۈگەپ كەتكەنىدى.

— دېگەن ئىدىمغۇ، «ئۆزى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولىدۇ» دەپ، — دېدى باۋۇدۇن باي مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى ياسىتىش، توشۇش، يۆتكەش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭدىن ئوشۇق تىللانىڭ كەتكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىپ ئاغرىنغان ھالدا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ يىللاردا قىلچە تىجارەت قىلمىدىم، دېسەممۇ بولىدۇ. سىزنىڭ تىجارىتىڭىزمۇ ئاساسەن توختىدى، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن يەنە بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى ھېلىقى ئۆيدە، يەنە شۇ لامپىنىڭ يورۇقىدا، يەنە شۇ مەشىنىڭ گۇۋاھلىقىدا، شۇ گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە بۇ يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش



قاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا گىرەلەشتۈرۈپ تورۇسقا قاراپ يېتىشى، بىرىنىڭ ئۈستەلدىكى ھېسابات دەپتەرلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈشىدىن بۇلارنىڭ ئادىتى، مىجەزى ھەم تۇرقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك ئىدى. بىراق، سىنچىلاپ قارىغاندا ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەنىدى. ھۇسەن باينىڭ چاچ - ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ رەسمىي بوۋاي بولۇپ كەتكەن. . باۋۇدۇن باينىڭمۇ چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ بوۋاي بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىن قان قېچىپ، تاتىرىپ، جۇدەپ، بويۇنلىرى بۇغۇم - بۇغۇم بولۇپ پۈرلىشىپ تۇراتتى. پېشانىسىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، قاپاقلىرىنىڭ تېرىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار، — تورۇسقا قارىغانچە سوئالغا - سوئال قويدى ھۇسەن باي.

— باش قۇرۇلۇشچىنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ گەپ باشلىدى باۋۇدۇن باي، - ئاۋۋال زاۋۇت ھەم سېخلارنىڭ گەۋدىسىنى قۇرۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇستىن ئېرىمەس خىش كىرگۈزۈپ، يېتەرلىك غەملىۋېلىش كېرەك ئىكەن.

باۋۇدۇن باي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۇسەن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قۇرۇلۇشچى ئاروپ ئىبراھىمنى زاۋۇتنىڭ پۈتكۈل بىناكارلىقى - سېخلىرى، يەر ئاستى ئۆيلىرى، ئامبارلىرى، كۆلچەكلىرى ھەتتا تۇرخۇنى قاتارلىق قۇرۇلۇشغا مەسئۇل باش قۇرۇلۇشچىلىققا تەيىنلىگەنىدى.

— ھېسابلاپ باقتىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك سەرمايە كېتىدىكەن، — سوراشنى داۋام قىلدى ھۇسەن باي.

— باش قۇرۇلۇشچى بىلەن تەپسىلىي ھېساب - كىتاب قىلىپ كۆردۇق. زاۋۇتقا يېتەرلىك ئېرىمەس خىش بۇ يەرگە يۈز مىڭ سوم بىلەن كېلىدىكەن.

— ئۇنىڭغىچە قىش كېلىپ قالىدۇ، قانداق توشۇماقچىكەن؟

— قىش كەلسە تېخى ياخشى، چانىدا توشۇساق بولۇۋېرىدۇ دەيدۇ.

— ھىم . . . — دېدى ھۇسەن باي كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ، ئاندىن ئاستا تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ باۋۇدۇنبايغا قاراپ ئېيتتى، — ئۇنداق بولسا، سەن باش قۇرۇلۇشچىنى ئېلىپ مۇشۇ ئىشقا ماڭ. قارا قىش باشلانغۇچە خىشنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ توشۇپ كېلىشكە ھەرىكەت قىل، قالغىنىنى چانا ئەپلىك بولسا چانىدا توشۇش كېرەك. ئۇنداق بولغاندا، قىشتىمۇ ئىش توختىمايدىكەن، بۇ ياخشى چارىكەن. مەن بۇ ئىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىسام، دەيمەن.

— بۇنىڭغا كېتىدىغان سەرمايىچۇ؟ مەن ئەمدى تىجارەتنى قولغا ئالايمىكىن دېگەن. بولمىسا سەرمايىنى نەدىن تاپىمىز؟

— بولمايدۇ، — دېدى ھۇسەن باي كېسىپ، نىمە ئۈچۈندۇر ھۇسەن باينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، چۈشلىشىپ كەتكەنىدى. بۇمۇ بەلكىم مۇشۇ يىللارنىڭ ئۇنىڭدا پەيدا قىلغان يەنە بىر ئۆزگىرىشى بولسا كېرەك. ئۇ بۇ گەپنى شۇنداق كەسكىن، شۇنداق قەتئىي ئېيتتىكى، باۋۇدۇن باي



ئۇنىڭغا بويسۇنماي بولمىدى.

— بىرەرسىدىن سەرمايە ئېلىپ تۇرىمىزمۇ؟ — ئېھتىيات بىلەن مەسلىھەت سالدى باۋۇدۇن باي ئاكىسى ھۇسەن باينىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىسىغا قاراپ.

— ياق، سەن بۇ يەردىكى ئامبار، دۇكانلاردىكى تاۋار، دۇردۇن، چايلارنى بېسىپ يولغا چىق. شۇ ياقتا تېز پۇل قىلالىغۇدەك بولساڭ پۇل قىل، بولمىسا مالغا مال ئايرىۋاشلاش ئۇسۇلى بىلەن بولسىمۇ ئېرىمەس خىشنى تېزدىن تەق قىل، كېچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ. زادى كېچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ماكس ۋېگنېرگىمۇ تېلېگرامما بىرەيلى، ئۇلار كېلىۋەرسۇن.

— نېمىشقا؟ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشى يوقتۇ؟ زاۋۇت قاچان قوراشتۇرۇلسا شۇ چاغدا كەلسىمۇ ئۈلگۈرىدۇ، — دېدى ھۇسەن باي.

— ئۇلار قىشچە باللىرىمىزنى تەربىيىلىگەچ تۇرسۇن، شۇنداق قىلغاندا زاۋۇتنىڭ پۈتۈشىگە ئۆزىمىزنىڭ تېخنىكلىرى، ماستىرلىرى، توكچىلىرى، باشقۇرغۇچىلىرىمۇ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ، ئاستا - ئاستا ھەممە ئىشنى ئۆز كىشىلىرىمىز قولىغا ئالىدۇ. خەقنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرىدىغان، يېلىنىدىغان ئىشلارمۇ ئاز بولىدۇ.

— مەيلى، — دېدى ھۇسەن باي ئىنىسى باۋۇدۇن باينىڭ كۆزىگە تىكىلىپ بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، — تېلېگراممىنى بېرىۋەر، گەپنى تاپىلاپ ئېيت، تەربىيىلەيدىغان مەزمۇنلارنىمۇ ئېنىق ئۇقتۇر، يارامىلىق

مۇئەللىملەردىن بىر نەچچىنى ئالغاچ كەلسىمۇ مەيلى.

شۇ كېچىدىكى سۆھبەت ھەم مەسلىھەت ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، ئىشلار بەك مۇرەككەپتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭ ھەل قىلىنىش چارىسى تېپىلىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە ھۇسەن باي سەرمايىنىڭ ئۆكسۈشكە باشلىغىنىنى خېلى بۇرۇنلا تۇيغانىدى. شۇڭا، بىر تەرەپتىن زۆرۈر بولغان، ئەسقاتىدىغان ماللارنى كىرگۈزۈپ مال پېتىچە ساقلاپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتكە ئەھۋال ئېيتىپ ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ سوم قەرز ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلغانىدى. بۈگۈن ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي ئاشۇ سەرمايىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەم ئىشقا سېلىپ، زاۋۇتنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن قايسى ئىشلارنى ھۇسەن باي، قايسى ئىشلارنى باۋۇدۇن باي بېجىرىشنى كېلىشكەنىدى. بۇ ئۇلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش نىيىتىگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ يېگانە ھالدا ئىش تەقسىملەۋالغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى ئىدى.



# «ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاۋۇتى»

— ھەي ئاغىنە ئاڭلىدىڭمۇ، — دېدى قولىغا قىسقا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان، پۈشقىقى كەڭ ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان پاخما باش بىر بالا بويىنىغا ئېسىۋالغان جىلتىغا ئوخشاش نان خالتىسىنى كەينىگە ئۆتكۈزۈپ، — بۈگۈن ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاۋۇتى ۋارقىرىغۇدەك.

— نېمە؟ زاۋۇت؟ قايسى زاۋۇت؟ — ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپمايلا دېدى پەستىكى بوش تۇرغان ئۆيمانغا قاراپ «چىرت» قىلىپ تۈكۈرۈپ يەنە بىر بالا.

بۇلار پادىچى بالىلار بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇشۇ پادىخانىغا يىغىلغان كالا - قويلارنى ھەيدەپ بوشىغان ئېغىزلارغا، ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقلارغا ئاچىقىپ باقاتتى.

— ھېلىقى چىغلىقتا سېلىنغان زاۋۇتچۇ، شۇ زاۋۇت بۈگۈن ۋارقىرىغۇدەك، — چۈشەندۈردى پاخما باش بالا.

— قوپە نېرى، زاۋۇتمۇ ۋارقىرامدۇ، دەۋاتقان گېپىنى، — دېدى ئولتۇرغان بالا. ئۇنىڭ ئاستىدا كونا تاغار بولۇپ، ئۇ ئۇنى ۋاشاڭ قىلغان قوغۇنلۇقتىن قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ سېلىش ئۈچۈن ئىلىۋالغانىدى.

— ئىشەنمىسەن، ھەممە يەردە شۇ پاراڭ. ھەممە خەق شۇ ياققا كېتىۋاتىدۇ، چوڭلارنىڭ ھەممىسى شۇ ياققا

ماڭدى، بۇگۈن پادىمۇ چىقمايدۇ، بەلكىم.

— يوق پاراڭ قىلما.

— ئىشەنمىسەڭ يۈر. بىردەمدىلا بىرىپ كېلىمىز، پادا يىغىلغىچە يېتىپ كېلىمىز. چىغلىق دېگەن ئەنە ئاۋۇ يەردىلا، — پاخما باش بالا كالتىكى بىلەن پادىخانىنىڭ نېرىسىدىكى بىر دۆڭنى كۆرسەتتى، — ئەنە شۇ دۆڭگە چىقساق زاۋۇتمۇ، بىزنىڭ بۇ پادىخانىمۇ كۆرۈنىدۇ...

بۇ گەپ راست ئىدى. بۇگۈن پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئىچىدە: «ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ زاۋۇتى بۇگۈن ۋارقىرىغۇدەك» دېگەن گەپ پۇر بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، زاۋۇتنىڭ قانداق ۋارقىرايدىغانلىقىنى، زاۋۇتنىڭ راستىنلا ۋارقىرايدىغان - ۋارقىرىمايدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىققان چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە بىرلەپ، ئىككىلەپ، ئۈچلەپ ھەتتا توپ - توپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: «زاۋۇت ۋارقىرايدۇ...» دېگۈچىلەر بىلەن «ۋارقىرىمايدۇ» دېگۈچىلەر بەسلىشىپ دو تىكىشكەنلەرمۇ بار ئىدى.

بۇگۈن ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي قۇرغان «تېرە زاۋۇتى» نىڭ رەسمىي ئىش باشلاش مۇراسىمى بولماقچىدى. شۇڭا، ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي بۇگۈن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇلار تاڭ سۈزۈلمەيلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ زاۋۇتنىڭ ئەگمىلىك تۆمۈر دەرۋازىسىدىن: «بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم» دەپ تۇنجى بولۇپ كىرىپ كەلگەندە، ئىشىك باققۇچىدىن باشقا ھېچكىم ئويغانمىغانىدى.

بۇ 1909 - يىلىنىڭ دەسلەپكى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى



ئىدى. ھاۋا ئەتىگەن كەچتە خېلىلا سوۋۇپ كېتەتتى. چۈشكە يېقىن يەر - جاھان خۇددى يازدىكىدەك قىزىپ ھەممە ئىسسىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى.

زاۋۇت سېلىنغان مۇشۇ جاي بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى زىچچىدە ئۆسكەن چىغلىق، چىغىتماقلىق، شىۋاقلىق ھەم چاتقاللىق بولۇپ، بۇ يەر ياۋا توشقانلار، يىلانلار، كىرپىلەر، تولۇم چاشقانلار، كەسلەنچۈكلەرنىڭ جەننىتى ئىدى. بۇ يەردە يەنە دۇنيادىكى بارلىق ھاشاراتلارنىڭ خىللىرى تېپىلاتتى. شۇڭا، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بۇ يەرنى بىر قىسىم كىشىلەر «چىغلىق» دېسە، بىر قىسىملىرى «شىۋاقلىق» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا «يىلانلىق» دەپ ئاتاپ، ئۇ يەردە ئاجايىپ «ئوق يىلانلار» نى كۆرگەنلىكىنى، ھەتتا بۇ يەردە «ئەجدىھا يىلان» لارنىڭ بارلىقىنى ھېكايە قىلىپ ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى. بۇگۈن شۇلارنىڭ ئىزنالىرى سۈپىتىدە ئېگىز قوپۇرۇلغان خىش تاملارنىڭ ياقىلىرىدا ئاجىز ئۆسكەن شىۋاقلار، چىغلار ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپ ئىزغىرىن شامالدا تىترىشىپ تۇراتتى.

ھۈسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي زاۋۇت قورۇسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆگزىسى خۇددى چاپما ھەرىنىڭ چىشلىرىدەك سېلىنغان سېخلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. قورۇدىكى تېرە ئەيلەش ئۈچۈن ياسالغان تاش كۆلچەكلەرنى تەپسىلىي كۆزەتتى. ئاندىن ئاسمانغا بوي تارتقان ئىككى، ياق، ئۈچ ئاق تېرەكنى بىر - بىرىگە ئۇلىسىمۇ بويلاشمىغۇدەك ھەيۋەتلىك ھەم ئېگىز زاۋۇت تۇرخۇنىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئاسمانغا قاراپ بىر پەس تۇردى.

ئاندىن خۇددى ئۇيۇل تاشتەك قوپۇرۇلغان تۇرخۇن سۇپىسىنى شاپىلاقلاپ باقتى.

— باش قۇرۇلۇشچى يارايدۇ، ھەقىقەتەن ئوغۇل بالىكەن، بىزدە مانا شۇنداق ئوغۇل بالىلار مىڭلاپ - مىڭلاپ چىقسا دەيمەن، — دېدى ھۇسەن باي ئىنىسىغا قاراپ، — ئاندىن نېمىندۇ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك سورىدى، — زەيناۋۇدۇنغىمۇ خەۋەر بەرگەنمىدىڭ، ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمىدى؟

باۋۇدۇن باي ئاكىسىنىڭ بۈگۈنكى مۇنداق ئالاھىدە ھاياجانلىق كۈندە زەيناۋۇدۇننى ئېسىگە ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى كۈتمىگەنىدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئاكىسىنى خەۋەرلەندۈرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى.

— زەيناۋۇدۇن . . . زەيناۋۇدۇن . . . ئۇ رەھمەتلىك بۈگۈنگىچە ياشىيالمىدى، — باۋۇدۇن باي ئۇ خەۋەرنى شۇ يوشۇرغىنىچە يوشۇرۇۋېرىپ كېيىنرەك ئېيتىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق ئاغزىغا كەلگەن گەپنى تۇتۇپ قالالماي چىقىرىۋەتتى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — ھۇسەن بايغا بۇ خەۋەر ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ باۋۇدۇن باينىڭ ئۇ ھەقتە دەپ بەرگەن گېپىنى يەنە بىر ئاڭلىغاندىن كېيىنلا دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئامىن! — ھۇسەن باي ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، — زەپ ئادەم ئىدى. بۇ زاۋۇت ئۈچۈن بىزدىنمۇ بەك سەكپارە بولۇۋېدى، — دېدى.



— قالغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق كەلدى، — دېدى باۋۇدۇن باي ئاكىسىنىڭ ئوي — خىيالىنى باشقا ياققا بۇراپ، — گېرمانىيە سانائەت شىركىتىنىڭ لىدىرىمۇ كەلدى. . .

ھۇسەن بايدىن ئۈن چىقمىدى. ئۇلار ئاستا ماڭغانچە كۆزدىن كەچۈرۈشنى داۋام قىلدى. زاۋۇتنىڭ قازانخانىسى، كۆمۈرخانىسى، رېمونتخانىسى، مۇنچىسى، ياتاقلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ چىقىشتى. ئاندىن زاۋۇت گېنېراتورخانىسىغا كىرگەندە، پۈتكۈل زاۋۇت ھەم ئاھالىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقنىڭ خۇددى دەرياغا سېلىنغان توسمىدەك گەۋدىسىگە قاراپ خېلىغىچە تۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر نەچچە نۆۋەت ئايلاندى. ئۇلار زاۋۇتنىڭ ھەممە سېخلىرىنى كۆرۈپ، تۇنجى قېتىم ئىشقا كەلگەن ئىشچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، خېلى ھايال بولغاندىن كېيىن زاۋۇتنىڭ مەجلىسخانىسىغا كەلگەندە، تېخنىكلار، سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي ئۇلار بىلەن باش لىڭشىتىپ كۆرۈشۈپ، ئىككى بىليارت ئۈستىلىچىلىك كېلىدىغان ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ بېشىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھۇسەن باي ئەپەندى، قازاننىڭ ئوچىقىغا ئوت يېقىۋەرسۇنمۇ، سائەت دەل سەككىز بولغۇچە پار تەييار بولۇپ سېخلارغا ئۇزىتىلىشى، زاۋۇتنىڭ ۋارقىرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ھور ھازىرلىنىشى كېرەك، — دېدى باش تېخنىك ماكس ھۇسەن باينىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستاغىنا.

— بولىدۇ، يېقىلسۇن! — بۇيرۇدى ھۇسەن باي.

ئۇستەل ئۇستىگە قەندەللەردە، ۋازىلاردا ئالما، ئۇزۇم، شاپتۇللار، لېگەنلەردە تىلنى يارغۇدەك شېكەر سۈيى، گۇلاۋا، كۆكچە قوغۇنلار تىلىنىپ ئۇستەلنى ئايلاندۇرۇپ تىزىپ قويۇلغانىدى. قىپقىزىل تاۋۇزلار ئۇششاق قارا ئۇرۇقلىرىنى قارا مارجاندەك پارقىرىتىپ مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا قىزىل گۇللەردەك ئېچىلىپ تۇراتتى. ھۇسەن باي بۇ ئولتۇرۇشقان مېھمانلارنىڭ ئەڭ نېرىسى گېرمانىيىدىن، بېرىسى يەتتەسۇدىن، تېخىمۇ بېرىسى مۇشۇ شەھەردىن كەلگەن ئۆلىمالار، يۇرت چوڭلىرى، ئەمەلدارلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇيدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ھۇسەن باي ئاۋۋالقىدەكلا مەيدە يانچۇقىغا سېلىنغان ئالتۇن زەنجىرلىك سائىتىنى چىقىرىپ قاپقىقىنى «تارس» قىلىپ ئېچىپ بىر ھازا قارىدى - دە، يەنە «تارس» قىلىپ يېپىپ يانچۇقىغا سېلىپ سۆز باشلىدى.

— ھۆرمەتلىك يۇرت چوڭلىرى، قېرىنداشلار، مېھمانلار. ھەر قايسىڭلارنىڭ يېقىندىن ياردىمى ھەم قوللىشى بىلەن قۇرۇلغان «ئىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى» بۈگۈن رەسمىي ئىش باشلىماقچى. سىلەرنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئىشلىرىڭلارنى قويۇپ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلارغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۇر.

— سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت!

— سىزگە كۆپ تەشەككۇر!

تۇشمۇ تۇشتىن ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەجلىسخانا بىر مەھەل جاراڭلاپ كەتتى.



— مۆھتەرەم جانابلارغا مەلۇم بولغايكى، ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت، ئۈچ يېرىم مىليون سوم سەرمايە كەتكەن زاۋۇت ئاخىر پۈتتى. بۈگۈن بۇ زاۋۇتتا تېزە تەييارلاش، يۇڭ ئاجرىتىش، ماي تازىلاش، ئاشلاش، ئەيلەش، بوياش، پەردازلاش، كېسىش، تەقلەش، خۇرۇم ئىشلەش، چەم ئىشلەش، بشو چىقىرىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق سېخ ھەم ئىشخانىلار رەسمىي ئىشقا چۈشىدۇ. بىر يىلدىن ئوشۇقراق تېخنىكا تەربىيىسى ئالغان يۈز نەپەر تۇنجى ئىشچى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەللىك دانە ئېلېكتر چىراغ يورۇتىلىدۇ.

زاۋۇتىمىزدا ئىشلەنگەن تۇنجى خۇرۇملار يېقىن كەلگۈسىدە بازارلىرىمىزغا سېلىنىدۇ، يەتتەسۇغا چىقىرىلىدۇ، ئىچكىرىلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. . . زاۋۇتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان قۇرۇلۇشچىلار، تېخنىكلار، ئۆلىمالار، ئەمەلدارلار ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا تارتۇق قىلىنىدۇ. . .

ھۇسەن باينىڭ ھەر بىر سۆزى مەجلىس ئەھلىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ھۇسەن باينىڭ سۆزىنى يەنە ئاڭلىغۇسى، داۋاملىق ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. بىراق، ھۇسەن باي سۆزىنى توختاتتى ۋە سائىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن ئېيتتى:

— ئەمدى ھەر بىرىڭلارنى زاۋۇت قوروسىغا چىقىپ رەسمىي ئىش باشلاشنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە زاۋۇتنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى. . .

. ھەممەيلەن زاۋۇت قوروسىغا چىقىپ ۋاقىتلىق ياسالغان كەڭ، ئۇزۇن، يەردىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان

پەشتاقلاردىن ئورۇن ئېلىشتى.

زاۋۇت سىرتىمۇ ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئۇلار زاۋۇتنىڭ ھىم يېپىلغان تۆمۈر دەرۋازىسىغا ئۆزىنى چاپلاپ زاۋۇت قوروسىغا قىستىلىشىپ قارىشىپ تۇراتتى.

ھۇسەن باي يەنە سائىتىنى ئېلىپ قاپقىقىنى ئاچتى. قاپقاقلىق كىچىككىنە دۈگىلەك سائەت ھۇسەن باينىڭ قولىدا چىكىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سېكۇنتنى كۆرسىتىدىغان يىڭنىسى خۇددى ھۇسەن باينىڭ يۈرىكىنىڭ رىتىمى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك سەكرەپ - سەكرەپ يۆتكىلەتتى. ئاخىر سائەتنىڭ قىسقا يىڭنىسى سەككىز رەقىمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئۇزۇن يىڭنىسى ئون ئىككى رەقىمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، گويا يېتىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ئاشۇ ئۇزۇن يىڭنىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ جۈپلەشتى. بۇ ھالەت دەل ئەتىگەنلىك سائەت سەككىز بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئەنە شۇ چاغدا، ھۇسەن باي سائەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇيرۇق كۈتۈپ زاۋۇت قارانخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان تېخنىكقا قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارە قىلدى ۋە شىددەت بىلەن قولىنى پەسكە چۈشۈردى. دەل شۇ چاغدا قازانخانىدىكى تېخنىك قولىدا تۇتۇپ تۇرغان يوغان قارا پولات تۇتقۇچنى بار كۈچى بىلەن پەسكە تارتتى.

— ۋۇ. . . ۋۇ. . . ۋۇت! — قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز خۇددى ئۇزاق ئۇخلاپ قالغان بۇ شەھەرنى بىراقلا ئويغاتماقچى بولغاندەك، ئەتراپقا توپلانغان كىشىلەرنىڭ قۇلاق پەردىلىرىنى يىرتىۋەتكۈدەك ۋارقىراپ، پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى جاراڭلىتىپ، يىراق - يىراقلارغا ياڭراپ كەتتى. . .



توپلانغان خالايىق ئارىسىدا قىقاس - چوقان كۆتۈرۈلدى، بەزىلىرى دوپپىلىرىنى، قالپاقلىرىنى، مالخايلىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى. بەزىلىرى بىر - بىرلىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە، مەيدىلىرىگە مۇشتلايتتى.

— ئەنە دېمىدىممۇ، زاۋۇت ۋارقىرايدۇ دەپ، قانداق ۋارقىرىدىمۇ؟

— راستكەن، راست ۋارقىرايدىكەن، قارا تۇرخۇنغا، ئىسمۇ چىقىۋاتىدۇ، خۇددى تونۇردىن چىققاندەك ئىس چىقىۋاتىدۇ، قاپقارا ئىس، ئاشۇ تۇرخۇن زاۋۇتنىڭ ئاغزى ئوخشىمامدۇ؟

بۇ ھېلىقى ئىككى پادىچى بالا ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا پادىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. . .

ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينى ئەڭ ئاۋۋال ۋېلى باينىڭ ھەم يەتتە سۇ خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەينىدىن كېلىپ قۇتلۇقلىدى. ئۇ ھۇسەن باينىڭ ئاندىن باۋۇدۇن باينىڭ قولىنى چىڭ ھەم ئۇزاق قىسىپ تۇرۇپ:

— قۇتلۇقلايمەن، قېرىنداشلىرىم، سىلەرنى قۇتلۇقلايمەن! — دېدى ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە، كۆزىدە خۇشاللىق ياشلىرى يالتىرايتتى. . .

— تەبرىكلەيمەن، — دېدى لىدىر ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينى قايتا - قايتا قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھەم مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، - مانا ئاخىر سىلەرنىڭمۇ زاۋۇتىڭلار بار بولدى! . . .

— مۇبارەك بولسۇن، ئەمدى بۇنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىزمۇ ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، — بۇ يۇرتنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. ئۇمۇ شادلانغان، روھلانغان ھەم ھەيران

قالغانىدى. . .

ئارقىدىن ئۇلار ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ ھەمراھلىقىدا سېخلارنى ئارىلىدى، ھەر بىر سېختا ۋاللىداپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلارغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تىكىلىپ قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زاۋۇتنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر نەچچە تېخنىكنىڭ باشلامچىلىقىدا زاۋۇت سىرتىدىكى خالايىقمۇ بىردىن تىزىلدۇرۇلۇپ زاۋۇتقا كىرگۈزۈلدى. . .

شۇ كۈنكى ئىش باشلاشنى ئەتراپقا توپلانغان ئۇششاق ـ چوڭ شەھەر ئاھالىسى ھەتتا ھېلىقى ئىككى پادىچى بالىمۇ كۆردى. ئۇلار زاۋۇتنى، سېخلارنى تاماشا قىلدى، ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراشتى. ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن بايغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى چوڭ بولغاندا زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەشكە نىيەت قىلىشتى. زاۋۇت قۇرۇشنى كۆڭۈلگە پۈككەنلەرمۇ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇ كۈندىن تارتىپ ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ نامى ھەممە ئائىلىلەرگە يېيىلدى. زاۋۇتمۇ ئۆزىگە نىمە دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر «ھۆسەن باينىڭ زاۋۇتى» دەپ ئاتالدى. . . .



# خاتىمە

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ ئۆيلىرىگە ئېلېكتر چىراغلىرى ئورنىتىلدى، تېلېفون بېكىتىلدى. ئارقىدىنلا خادىملارنىڭ ئىشخانىلىرى، ئۆيلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلدى، تېلېفونلاشتۇرۇلدى. ھۆسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گېرمانىيىدە كۆڭۈلگە پۈككىنىدەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ يىلىغا ئاتمىش مىڭ پارچە ئات ـ كالا تېرىسىنى خۇرۇم ھەم چەم قىلىپ ئىشلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزدى. نامرات، سەرگەردان ھەم يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار بەش يۈزگە، تېخنىك مەكتىپىدە ئوقۇيدىغانلار ھەر بىر قاراردا بىر يۈز ئەللىككە يەتتى. كېيىنكى يىللاردا يەنە ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى، شورنىك زاۋۇتى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ ئۇلاردىن چىققان مەھسۇلاتلار ئىلى ھەم شىنجاڭدىن ھالقىپ يەتتەسۇ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيىگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلدى.

زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھۆسەن باي ئۆزى زاۋۇت باشلىقى، باۋۇدۇن باي ياردەمچىسى بولدى. «ھۆسەن باي زاۋۇتى» ھۆسەن باي 1926 ـ يىلى سەكسەن ئىككى يېشىدا، باۋۇدۇن باي 1928 ـ يىلى يەتمىش يەتتە يېشىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەنە شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئىلىنىڭ،

شىنجاڭنىڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سانائىتى، بولۇپمۇ كۆن - خۇرۇم، ئاياغ كىيىم سانائىتى، ئېلېكتىر سانائىتى، تېلېفون ئالاقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشتى.

قەيسەر كارخانىچى ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەيسەر روھىنىڭ ھەم جاسارەتلىك ئەجرىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئۇ زاۋۇت، ھۇسەن باينىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن قولىغا ئۆتۈپ، ھەر بىر دەۋردە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئوتتۇزىنچى يىللاردا شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش سىياستى يولغا قويۇلغاندا، ئۇ زاۋۇت شىنجاڭ سانائىتىنىڭ بايرىقى سۈپىتىدە رول ئوينىغاندى. شۇڭا، 1933 - يىلى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن ئىلىغا زىيارەتكە كەلگەن بىر چوڭ ئەمەلدار «ھۇسەن باي تېرە زاۋۇتى» نى كۆرۈپ: «ئۇيغۇر سودىگەر ھۇسەن باي ئۆز ئالدىغا باشقۇرغان ئۇ زاۋۇت ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ توك چىقىرىدىغان گېنېراتورى بار ئىكەن. پۈتكۈل زاۋۇت ئېلېكتر كۈچىدىن پايدىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ شىنجاڭدا بۇنىڭدىن باشقا چوڭ زاۋۇت يوقكەن» دەپ يازغانىدى.

بۇ زاۋۇت 1944 - يىلى ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندا ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندا، مىللىي قوشۇننىڭ كىيىم - كېچەك، ئۆتۈك، پىيما، ھەربىي ئەگەر جابدۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ خىزمەت قىلدى.

1950 - يىللاردا بۇ زاۋۇت ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار



شېرىكچىلىكىدىكى سانائەت تۈزۈلمىسىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاتمىشىنچى يىللاردىن سەكسىنىنچى يىللارغىچە دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلىپ، «ئىلى تېرە زاۋۇتى» دەپ ئاتالدى.

1990 - يىللاردا بولسا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، «ئىلى كۆن - خۇرۇم چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى» بولۇپ قۇرۇلدى.

ھۇسەن باي بىلەن باۋۇدۇن باي ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ئاشۇ زاۋۇتنىڭ نامى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ئەگرى - توقاي مۇساپىسىدە خىلمۇخىل ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتكە، خەلققە خىزمەت قىلىدىغان تۈپ خاراكتېرى قىلچە ئۆزگەرمىدى.

ئۇ زاۋۇتنى بەرپا قىلغان ئەجدادلار ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر، قىسسەلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل ئەۋلادلارغا تارالماقتا، ئۇلارنى يېڭى - يېڭى روھتا، يېڭى - يېڭى جاسارەتتە، تېخىمۇ يېڭى ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىمەكتە!

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۇل مجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۇل تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۇچى: مۇراددىل ئابىد

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 6
(3)
**قەيسەر كارخانىچى ــ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار**

ئاپتورى: تۇرسۇن ئەرشىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.625
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08010—6
ئومۇمىي باھاسى (1—5): 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)